
ERITAGA UIGHUR FOLK LETERATURE
1999 . 4
MIRAS
ميراس



www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر :
ياسىن زىلال
جاۋابكار مۇھەررىر :
مۇختار مۇھەممەت

مىراس
قوش ئايلىق ژۇرنال
1999 - يىل 4 - سان
(ئومۇمىي 54 - سان)

ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

## بۇ ساندا

### بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا

نۇشىرۋانى ئادىل ........................ تەييارلىغۇچى : مەھمەت ئوسمان (1)
ئىككى چۆچەك ........................ توپلىغۇچى : ئايجامال ئىمىن (68)
ئىليار شاھ ........................ توپلىغۇچى : ئابدۇرېھىم رەھىم (38)

### ئايدىڭ كېچىلەر

قوشاقلار ........................ توپلىغۇچى : تۇردى نىياز (32)
قوشاقلار ........................ توپلىغۇچى : غوجەخمەت مۇھەممەت (78)

### يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

كىندىك ۋە ئىت توغرىسىدىكى رىۋايەت........................ توپلىغۇچى : جارۇللا يۇسۇپ (31)

### كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

شەجەرەئى تۈرك ........................ ئەبۇلغازى باھادىرخان تەييارلىغۇچى : مۇختار مۇھەممەت (42)

### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئەپسانىگە ئايلانغان رېئاللىق ........................ ئابدۇكېرىم راخمان (25)

### ھېكمەتلەر

ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى : ئەركىن ئىمىننىيازقۇتلۇق (70)
ھېكمەتلەر ........................ تەييارلىغۇچى : نۇرنىسا باقى (71)

### ھېكمەتلەر ھېكمىتى

ئاددىي رېتسېپلار ........................ توپلىغۇچى : غالىبجان تۇرسۇن (35)

### كەپىنىڭ تېگىدە گەپ بار

مەسەللەر ........................ توپلىغۇچى : تۇرسۇن ھەسەن (37)

### ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

كامىرون ھايۋانات چۆچەكلىرى ........................ مۇختار مۇھەممەت تەرجىمىسى (76)

### كۈلكە — جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ........................ زۇمرەت غوپۇر تەرجىمىسى (34)

### ئاتالغۇلار لۇغىتى

تابۇلار (پەرھىزلەر) ........................ تەييارلىغۇچى : ئارسلان ئابدۇللا (72)

### ئادەم قولاقتىن سەمىرەر

گېرمانىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ........................ تەييارلىغۇچى : مۇختار مۇھەممەت (74)

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى : (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)
ئابدۇلمىت سادىق (ئالىي مۇھەررىر)، ئەخەت ھاشىم (ئالىي مۇھەررىر)
ئەسئەت سۇلايمان (دوكتور)، ئىبراھىم مۇتىئى (تەتقىقاتچى)،
ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)، ياسىن زىلال (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر).

مۇقاۋىنىڭ 1- ۋە 4 - بەتلىرىدىكى سۈرەتلەرنى ئابدۇللا ئۆمەر تارتقان .

美　拉　斯
每双月一日出版发行
一九九九年第四期
（双月刊）
（总 54 期）

主编：
雅森·孜拉力
本期责任编辑：
穆合塔尔·穆罕默德

## 主要目录

努西丽瓦尼阿迪力 …………………… 翻译整理者：买买提·乌斯曼(1)
突厥部落史 …………………………………………… 阿布勒哈孜
…………………………… 翻译整理者：穆合塔尔·穆罕默德(42)
民间艺术神话般的时代 …………………… 阿布都克里木·热合曼(25)
歌谣几首 ………………………………… 采录者：土尔迪·尼亚孜(32)
寓言几则 ………………………………… 采录者：土尔逊·艾山(37)
关于肚脐的来历和狗的传说 ……………… 采录者：贾如拉·王素甫(31)
哲理箴言 ……………… 采录者：艾尔肯·库土路克，努尔尼沙·巴克(70)
民间处方 ……………………………… 整理者：阿里甫江·土尔逊(35)
伊力亚尔王 …………………… 采录者：阿布都热合木·热伊木(38)
德国的维吾尔学研究 …………………… 穆合塔尔·穆罕默德(74)
禁忌 ………………………………… 翻译者：阿尔斯兰·阿不都拉(72)

阿布都克力木·热合曼（教授）　阿布里米提·沙迪克（编审）
艾海提·阿西木（编审）　艾赛提·苏来曼（博士）
伊敏·吐尔逊（编审）　伊布拉音·穆提义（研究员）
雅森·孜拉力（副编审）

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال

# نۇشىرۋانى ئادىل

(قىسسە)

«نۇشىرۋان ئادىل» قىسسىسىدىكى نۇ - شىرۋان — ئۆتكەن زامان پادىشاھلىرى ئارىسىدا ئادىللىقتا داڭ چىقىرىپ، دۇنيادا تەڭداشسىز «ئادىل» دېگەن نامغا ئېرىشكۈچىدۇر.

ئۇ، پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزىگە ئادىللىقنى ئۆلچەم قىلىپ، ئادالەتلىك، پۇقراپەرۋەرلىك جەھەتتە قىلمىغان تەدبىرلىرى قالمىغان، ئادەمزاتىن جانۋ - جانىۋارلارغىچە شەپقەت كۆرسەتكەن، تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن يەتمىش كۈن مال باققان، يەتمىش كۈن زىنداندا يېتىپ باققان، يەنە يەتمىش كۈن ئات يېتىلىگەن. تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئادالەتسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلغان. ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، مەملىكەتىدە دەردمەن ئادەم، ۋەيران شەھەر، ئەزگۈچى، زالىم قالدۇرمىغان، دىن، قەبىلە ئايرىمچىلىقى مەۋجۇت بولمىغان، خەلق دوست بولۇپ ئۆتكەن جەمئىيەتنى بەرپا قىلغان. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن پادىشاھلار ئۇنىڭ ئىتائىتىگە كېلىپ، ئۇ يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولغان ۋە «ئادىل» دېگەن نامغا سازاۋەر بولغان.

«نۇشىرۋان ئادىل» قىسسىسى زامانلاردىن بېرى ئەل ئارىسىدا سۆزلىنىپ كەلمەكتە. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ «نۇشىرۋانى ئادىل» ناملىق قولىيازمىدىن يولداش مەممەت ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان بىر قىسىم ھېكايەلەرنى تاللاپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتۇق. «نۇشىرۋانى ئادىل» ناملىق مەزكۇر قولىيازما موللا ئىبراھىم بىلەن موللا نىياز تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان. كاتىپلارنىڭ يۇرتى ۋە قولىيازما كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت نامەلۇم.

— مۇھەررىردىن

## نۇشىرۋان ئادىلنىڭ تەختكە چىقىشى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، كۈنلەردە بىر كۈنى كەيقىباد ئۆلۈم ئەندىشىنى قىلىپ، بۇ تەختى - تاجنىڭ بەرباد بولماسلىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلغايمەن، دەپ ئويغا پاتتى. ئۇنىڭ كاۋۇس كامرانى، مىرزىبان شاھ خۇراسانى دېيدىغان ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى كەيقىباد:

— ئەي دانىشمەن، رەم سالغىن، بۇ تاج - تەختىمنى ئىككى ئوغلۇمنىڭ قايسىغا بەرسەم ئالەم ئاۋات بولۇر، — دېدى.

خوجا بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ كەلگۈسىگە قۇرئە سېلىپ كۆرۈپ دېدىكى:

— ئېھ پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىككى ئوغلۇڭدىن ئۈمىدگۈلى ئېچىلمايدۇ.

كەيقىباد بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى مالال بولۇپ:

— بۇنىڭ نېمە ئىلاجى بار؟ — دەپ سورىدى.

خوجا ئىقلىملارغا قۇرئە تاشلىدى. كۆردىكى رۇم پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالسا ئۇنىڭدىن بىرئو-

غول تۇغۇلىدىكەن . ئۇ پەرزەنتىنىڭ بەركاتىدىن بۇ ئالەم نېمەتلەر بىلەن پاراۋان ، ئادالەت بىلەن مەشھۇر بولىدىكەن . كەيقىباد بۇنى ئاڭلاپ شۇ سائەتتىنىڭ ئۆزىدە سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ يىگىرمە مىڭ لەشكەر قوشۇپ رۇم پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتتى . رۇم پادىشاھى كەيقىبادنىڭ نامىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ، قىزىنى كەيقىبادقا لايىق جابدۇپ ، ئۇنى سىپەھزاخاب رۇمى دېگەن ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ شاھ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى . پادىشاھ ئۇ نازىنىننى نىكاھىغا ئېلىپ كامىدىل ھاسىل قىلدى . شۇ كېچىسى نۇشىرۋانغا ھامىلە بولدى .

كەيقىباد بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز بارگاھىدا مەجلىس قىلىپ جەمشىت جامىنى ئىشقا سالدى . مۇشۇنداق خۇشال يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شادلىق سورۇنى قۇرۇپ ، خوجىنى ساقى قىلىپ بىرجام شارابنى قولىغا ئېلىپ تۇرغاندى ، «مەلىكەم تۇغدى» دەپ خەۋەر كەلدى .

پادىشاھ بۇ خەۋەردىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ ، قولىدىكى مەي تولدۇرۇلغان پىيالىنى خوجىغا تەڭلەپ تۇرۇپ :

— ئېھ دانايى روشەن ، دەرھال پەرزەنتىمگە ياخشى ئات قويۇپ بولۇپ ، بۇ جامنى سۇمۇرۇۋەتكىن ، — دەپ بۇيرۇدى .

— شاھزادىنىڭ ئىسمى نۇشىرۋان بولسۇن ، — دەپلا پادىشاھ تۇتقان شارابنى كۆتۈرۈۋەتتى خوجا . سورۇندا ئولتۇرغانلار خوجىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تەھسىن قىلىشتى . ئاندىن پادىشاھ بېرىپ نۇشىرۋاننى كۆرۈپ ، ئۇنى مۇبارەكلەپ كەلدى .

نۇشىرۋان ياخشى دايىلەرگە تاپشۇرۇلۇپ ، كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ نۇشىرۋان ئون تۆت ياشقا يەتكەندە پادىشاھ كەيقىباد كېسەل بولۇپ كۈندىن ـ كۈنگە دەردى زىيادە بولدى . ئۇ بىر كۈنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ پىش دادى ، كىيانى ، ئەشكانى ، ساسانىلارنى جەم قىلىپ ، ئۈچ ئوغلىنى ھەم كەلتۈرۈپ ، چوڭ ئوغلى كاۋس كامرانغا سەكسەن مىڭ لەشكەر بىلەن يەتتە يۈز شەھەرنى بېرىپ ، كابۇلنى پايتەخت قىلىپ شۇيەرگە ئەۋەتتى . ئوتتۇرانجى ئوغلى مەرزبان.شاھقا سەكسەن مىڭ لەشكەر بېرىپ مىسارغا ئەۋەتتى . تەخت ـ تاجىنى كىچىك ئوغلى نۇشىرۋانغا بەردى . ئاندىن كېيىن ئولتۇرغان پادىشاھلارغا بېقىپ :

— ئېھ خۇش ئەقىزبالىرىم ، پۇقرالىرىم ، مەن ئالەمدىن كېتىمەن . بۇ پەرزەنتىمنى ياخشى ئاسرىغايسىزلەر ، ئىككىنچى سۆزۈم ، خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ ھۆكمىدىن زىنھار چىقمىغايسىزلەر ، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى . ئاندىن نۇشىرۋاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، ئوغلىغا قاراپ خوجا جەمھۇرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— بۇ سېنىڭ ئاتاڭدۇر ، زىنھار سۆزىدىن چىقمىغىن . چېقىمچىلار خوجا ھەققىدە شىكايەت قىلسا قوبۇل قىلمىغايسەن ، — دەپ ۋەسىيەتنى تامام قىلىپ بولۇپ پەردە ئىچىگە كىرىپ ئالەمدىن ئۆتتى . پادىشاھنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن خوجا نۇشىرۋانغا بېقىپ :

— ئوغلۇم ، مەن سىزنى ئۈچ ئىشقا مەجبۇرىي سالىمەن ، مالال بولماي قىلغايسىز ، — دېدى . بۇنى جەمى ئەمىرلەر قوبۇل قىلدى . شۇ كۈندىن باشلاپ نۇشىرۋاننى چۆلگە ئاپىرىپ يەتمىش كۈنگىچە مال باققىلى قويدى . ئاندىن كېيىن يەنە يەتمىش كۈنگىچە زىندانغا سالدى . ئاندىن يەنە يەتمىش كۈن ئات يېتىلگۈچى قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن كەلتۈرۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى .

ئالىمنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئەمىرلەر ھەيران بولۇپ :

— ئېھ دانا ھاكىم ، پادىشاھ تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن مەجبۇرلاپ قىلدۇرغان بۇ ئۈچ ئىشنىڭ خاسىيىتى نېمە ؟ بۇنىڭدىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرغان بولسىڭىز ، — دەپ سوراشتى .

ئابۇزەر ھاكىم نۇشىرۋانغا قاراپ تۇرۇپ :

— ئېھ جاھان پاناھ ، مەن سىزگە نەچچە ئاي نۇرغۇن جاپالارنى سالدىم . بۇنىڭدىن سىزگە

كۆپ مەنپەئەتلەر يېتىدۇ . خەلقمۇ ئارام ئالالايدۇ .
ئەمدى سىز پادىشاھ بولدىڭىز . بىلىڭكى ، سىز
بىرىنچى قېتىم يەتمىش كۈن چۆل ـ جەزىرىدە مال
باقتىڭىز ، گۆش يېمەك ئاسان بولغان بىلەن ،
قوينى ئوتتىن ـ ئوتقا يۆتكەپ ، بوران ـ چاپقۇن ،
ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلاپ ، يىرتقۇچ بۆرىدىن
قوغداپ ھالىدىن خەۋەر ئالسا ، جەبىر ـ جاپادىن
قورقماي كۆيۈنسە ، ئۇ قويلار سەمرىيدۇ ، ئايند ـ
دۇ . پۇقرامۇ خۇددى قويغا ئوخشايدۇ . ئۇنى غا ـ
جاپ گۆشتەك يېمەكچى بولسىڭىز ھەممىسى ھا ـ
لاك بولىدۇ ، سىزمۇ كېرەكسىز قويچىغا ئايلى ـ
نىپ قالىسىز . خەلقنى قويغا مىسال قىلسىڭىز ،
قويچىدەك ئۇنىڭغا كۆيۈنگەيسىز ، قوي سەمرىسە
سىزمۇ نەپكە ئىگە بولالايسىز ، ـــ دەپ
سىزنى يەتمىش كۈن زىندانغا سالدىم . ئەم ـ
دى زىنداننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ، بىر كۈننىڭ
قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى ، زىنداندا قانداق ئادەمنىڭ
ياتىدىغانلىقىنى ، ھەق ياتقان ، ناھەق ياتقانلارنىڭ
ھالىنى ، ئازاب ـ زۇلۇملارنىڭ تەمىنى بىلدى ـ
ڭىز . ھازىر سىز پادىشاھ بولدىڭىز ، بۇنىڭدىن
كېيىن خالىغانچە زىندانغا بۇيرۇيدىغان ، ناھەق
جازالايدىغان ، ھەقىقەتنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ،
كىشىنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان ، نامۇۋاپىق جازالاي ـ
دىغان ئىشلاردىن ساقلىنالايسىز . سىزنى يەتمىش
كۈن ئات يېتىلىگۈچى قىلدىم . يول يۈرسىڭىز
ئاستا يۈرگەيسىز . خەلقنى چاڭ ـ توزاندا قويۇپ
تەكەببۇرلۇق قىلمىغايسىز . پۇقرالار دەردى ـ
ئەھۋالىنى دېيەلمەيدىغان ھالەتتىن قورققايسىز .
مەن سىزنى ئات چاپتۇرۇپ پۇقرالارنى دەپسەندە
قىلىشتىن ساقلانغاي ، ئات يېتىلەش ئارقىلىق
بەگلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى بىلىۋالسۇن دېدىم ، ـــ
دەپ سۆزىنى تۈگەتتى . بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن
ئالىمنىڭ تەدبىرىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى . نۇشىر ـ
ۋان بوۋىسى جەمشىتتىن قالغان تەختكە چىقىپ
ئولتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ، ئالىمنىڭ
نەسىھىتىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ ئۇنىڭ سۆ ـ
زىدىن چىقماي جاھان ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى .
شۇنداق قىلىپ ، نۇشىرۋان ئابۇزەرھاكىمـ ـ
نىڭ سۆزىدىن چىقمىدى . خوجىنى ئۆز ئاتىسى
ئورنىدا كۆردى . پۇقرالار ئارام تېپىپ زۇلۇم ـ
ستەمدىن خالىي ئۆتتى .
رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، زالىم

ئەلقىش ۋەزىر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەلقىشنىڭ
قىزىنى خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىم ئەلقىشنىڭ
قولى بەختىيارغا ئېلىپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭدىن
بىر ئوغۇل تۇغۇلدى ، ئۇنىڭ ئېتى بەختەك ئىدى .
بەختەك ئىلمىي ـ ھېكمەتتە بوۋىسى ئەلقىشتىن
ئېشىپ كەتتى . ئۇ نۇشىرۋان ئوقۇغان مەكتەپتە
ئوقۇيتتى . دەرستىن چۈشكەندە نۇشىرۋاننى بۇت ـ
خانىغا ئېلىپ باراتتى ، مەكتەپتە نۇشىرۋاننىڭ
يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى . مۇشۇنداق قىلىپ نۇ ـ
شىرۋاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالغانىدى . خوجا بۇ ـ
نىڭدىن بىخەۋەر ئىدى . بەختەكمۇ چوڭ بولدى .
بۇ چاغدا ئون ئىككى مىڭ ھۆكىما بەختەكنىڭ
بوۋىسى ئەلقىشنىڭ ماتەمىنى تۇتاتتى . ئۇلار بەخ ـ
تەكنىڭ بۇنداق پەم ـ پاراسىتىنى كۆرۈپ ئۇنى
پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ :
ـــ ئېھ شەھرىيار ئالەم ، بۇ يىگىت ئەل ـ
قىشنىڭ قىزىنىڭ ئوغلىدۇر . بوۋىسى بارچىمىز ـ
گە سەردار ئىدى . بۇنى پەرۋىش قىلساڭ ، ـــ
دەپ ئىلتىماس قىلدى . پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ھەم
شۇنداق پىلان بار ئىدى ، شۇڭا بەختەكنى دەرھال
چەپ قول ۋەزىر قىلدى .
خوجا بۇنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى سىرقىراپ ،
كۆزلىرىدىن ياش راۋان بولدى . چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ـ
دىن كۆپ جاپالار كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى .
نەزمە :
دۈشمىنىم ئۆلدى دەپ بولما بىخەستە ،
يىلاننى ئۆلتۈرسەڭ تۇخۇمى قالار .
تۆرىلىپ بىر كۈنى ياخشى پۇرسەتتە ،
تۇيۇقسىز ۋاقتىڭدا نەشتەرنى ئۇرار .

شۇنداق قىلىپ ، خوجا نۇشىرۋاننىڭ ئوڭ
قول تەرىپىدىن ، بەختەك سول قول تەرىپىدىن
ئورۇن ئالدى . بەختەك نۇشىرۋاننى بۇتخانىغا
باشلاپ ئاپىرىپ ئاتا بوۋىسىنىڭ دىنىدىن تەلىم
بېرەتتى ۋە :
ـــ ئېھ پادىشاھ ، جاھانگىرلىك زۇلۇم ـ
جاپاسىز مۇيەسسەر بولمايدۇ . خالايىق سەندىن
قورقمىسا يوللارنى قاراقچىلار ئىگىلەيدۇ ، ئۆتەڭ ـ
لەر ۋەيران بولىدۇ ، دۈشمەنلىرىڭ تاج ـ تەخ ـ
تىڭگە قەست قىلىدۇ . جاھانغا خوجا بولىمەن
دېسەڭ زالىم بولۇشۇڭ كېرەك ، ـــ دەيتتى .
بۇ ئىككىسى ھەر قېتىم بۇتخانىدىن يېنىپ خوجى ـ

www.uyghurkitap.com

ـنىڭ قىشىغا كېلەتتى . خوجا نۇشىرۋاننىڭ چىرا-
يىدىن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بىلەتتى ، لېكىن تو-
سۇشقا ھېچ ئىلاج قىلالمايتتى .

خوجا بولسا نۇشىرۋاننى ئادالەتكە دالالەت
قىلاتتى . نۇشىرۋان بەختەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلايت-
تى ، ئەمما قىلمايتتى . خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭ-
لاپ ، نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى . لېكىن خوجىنىڭ
مۇسۇلمان بولۇش توغرىسىدىكى سۆزىگە كىر-
مەيتتى . شۇنداق قىلىپ ، بەختەك كۇپرى قىل-
دى ، زالىم قىلالمىدى . خوجا ئادىل قىلدى ،
مۇسۇلمان قىلالمىدى .

نۇشىرۋان ئۆيلەنمىگەنىدى ، خوجا ئۇنىڭ تە-
لىپىگە قۇرئى سېلىپ بېقىپ ئىقلىم پادىشاھلىرى-
نىڭ ئارىسىدىن چىن پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ
بەردى . ئىككى ئوغۇل ، بىر قىز پەرزەنتلىك بو-
لۇپ ، ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىتىنى ھورمىز ،
يەن بىرىنىڭكىنى پەركوز قويدى . قىزىنىڭ ئىتى-
نى مەلىكە نىگار قويدى . پادىشاھ نۇشىرۋان خو-
جىنىڭ سۆزىدىن زىنھارچىقماي ، مەملىكەتنى ئا-
دىللىق بىلەن باشقۇردى . بۇنىڭدىن بەختەك نارا-
زى بولۇپ ، پادىشاھنى ئۆزىنىڭ سۆزىگە كىرگۈ-
زەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى خوجىدىن كۆردى . ئۇ ،
خوجىنى يوقاتسام نۇشىرۋان مېنىڭ دېگىنىم بو-
يىچە ئىش قىلىدۇ ، دەپ ئويلاپ ، خوجىنى يوقى-
تىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ چىقتى .

بىر كۈنى بەختەك ئىككى ئادەمنى خالىي
يەرگە ئاپىرىپ :

— ئېھ يوقسۇللار ، مەن سىزلەرنىباي قى-
لاي ، بىر شەرتىم ، بار ، قوبۇل قىلساڭلار ، —
دېدى . ئۇلار قوبۇل كۆردى . بەختەك :

— ئۇنداق بولسا ، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار
بىلەن سوقۇشۇپ باش ـ كۆزۈڭلارنى يېرىشىڭ-
لار ، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ داد ئېيى-
تىپ ، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنى «بۇ مېنىڭ ئاتام-
نى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، سەن ئۇنىڭدىن قىساسىمنى
ئېلىپ بەرگىن» دەڭلار ، ئاندىن پادىشاھ بىرىڭ-
لارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ . ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ
ماڭغاندا : «ئېھ پادىشاھ ، مېنىڭ ئۈچ ھۈنىرىم
بار ئىدى ، ئۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ» دەڭلار ،
پادىشاھ نېمە ھۈنىرىڭ بار دەپ سورىسا ، بىرىن-
چىسى : نەقلى روھنى[1] بىلىمەن ، ئىككىنچى-
سى ، يەتمىش خىل تىلنى بىلىمەن ، ئۈچىنچىسى
ئالتۇننى تېرىپ ئۈندۈرەلەيمەن ، دەڭلار ، ئۇنىڭ-
دىن كېيىنكى سۆزلەرنى مەن تۈگەللەيمەن ، —
دەپ ئۆگىتىپ ، ئۇلارنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئە-
ۋەتتى . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بەختەك ئارقىسى-
دىن باردى . پادىشاھ مەجلىس ئۈستىدە ئولتۇرات-
تى ، قۇلىقىغا دەۋالارنىڭ ئاۋازى يەتتى ، پادىشاھ دەرھال
بۇلارنى كەلتۈرۈپ :

— نېمە ئەرزىڭلار بار ؟ — دەپ سورىغا-
نىدى ، بۇلارنىڭ بىرسى كۆز ياش قىلىپ تۇرۇپ ،
يېنىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ :

— بۇ ئادەم ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، —
دېدى . پادىشاھ يەنە بىرسىدىن سورىغانىدى ، ئۇ :

— راست ، ئۆلتۈرۈۋەتتىم ، — دېدى .
نۇشىرۋان ھەممە ئىشنى يېنىدىكى ئالىم ئابۇزەر
ھاكىمدىن سورىماي قىلمايتتى . ئۇنىڭغا قارىغان-
دى ، ئۇ ، ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . شۇئان بەختەك
ئورنىدىن تۇرۇپ دېدىكى :

— ئېھ جاھان پاناھ پادىشاھ ، سەن بولساڭ
ئادىل شاھدۇرسەن . ئادىللىق نامىڭ يەتمىش ئىك-
كى مىللەتنى ئۆزىگە تارتىپ ، ھەممىسى سېنىڭ
ئادالىتىڭنىڭ سايىسىدا جەم بولغاندۇر . ئۇلارنىڭ
تىلىنى بىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن دەر-
دى ـ ھالىنى ساڭا ئۇقتۇرالماي ئادالىتىڭدىن
بەھرى ئالالمىدى . ساڭا ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىد-
ىغان بىر كىشى لازىم ، بۇ قاتىلنى ئۆلتۈرۈشتىن
بۇرۇن ئۇنىڭ بىلىدىغان تىللىرىنى ئۆگىنىۋېلىش
لازىمدۇر . ئۇ نۇرغۇن تىلنى بىلىدۇ .

بۇ سۆز پادىشاھقا ماقۇل كەلدى ـ دە ، سو-
رىدى :

— شۇنچە تىلنى ئۆگىنىش كىمنىڭ قولى-
دىن كەلگەي ؟

— جاھان ئالىمى ئابۇزەر ھاكىم كۆپلىگەن
مەزھەپلەرنىڭ تىلىنى بىلىدۇ ، بىلمىگەن جايلى-
رىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىۋېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئا -
سان ، — دېدى بەختەك .

نۇشىرۋان ئالىمغا قاراپ :

— ئۆگىنەلەرسىزمۇ ؟ — دېدى . ئابۇزەر
ھاكىم بولسا ، ھېلىقى ئىككى ئادەم ماجىراسىنىڭ
يالغانلىقىنى ، ئۆز تىلىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدى-

① نەقلى روھ : روھنى بىر تەندىن ئىككىنچى بىر
تەنگە يۆتكەش .

غانلىقىنى ، بەختەك قەستەن ھىيلىگەرلىك قى-
لىپ جامائەت ئالدىدا ئۆزىنى رەسۋا قىلماقچى
بولغانلىقىنى ، قىسقىسى بۇ بىر سۇيىقەست ئىكەن-
لىكىنى بىلەتتى . ئەمما ئۆگىنەلمەيمەن دېيىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇ نائىلاج :
— ئۆگىنەلمەيمەن ، — دېدى . شۇنداق
قىلىپ «قاتىل» نى ئابۇزەر ھاكىمغا تاپشۇردى .
ئابۇزەر ھاكىم ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ :
— قېنى قايسى تىللارنى بىلىسەن ، ماڭا
ئۆگەتكىن ؟ — دېدى . ئۇ ئادەم دېدىكى :
— مېنىڭ ئاتام ناھايىتى دۇنيادار كىشى
ئىدى . پۇلنى خالىغانچە سەرپ قىلىپ ، يەپ -
ئىچىپ ئويناپ ئۆگىنىپ قالغانىدىم . ئەگەر سەن
مېنىڭدىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ مېنى
قىرىق كۈنگىچە ئارزۇيۇمدىكىدەك كۈتكىن ، بۇي-
رۇقلىرىمغا زىنھار خىلاپلىق قىلماي ھەممىنى
بەجا كەلتۈر . بۇنىڭغا كۆنسەڭ ئاندىن ئۆگىتىپ
قويىمەن .
— دېگىنىڭدەك بولسۇن ، — دېدى ئابۇ-
زەر ھاكىم .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى بۇ ئادەم ،
— قىرىق كۈنگىچە كۈندە بىر قوزىنىڭ كاۋىپى-
نى ، بىر خوم شاراب ، توققۇز خۇش ئاۋاز ھاپىز ،
كۈندۈزى بىر قىز ، كېچىسى بىر قىز كەلتۈر-
گىن . بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋالاي ،
ئاندىن كېيىن ئۆگىتىپ قوياي .
ئابۇزەر ھاكىم ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ
بەردى . قىرىق كۈنمۇ توشتى . ئابۇزەر ھاكىم
ئېيتتىكى :
— ئېھ ئادەم ، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىنى
قىلىپ بەردىم ، قىرىق كۈنمۇ توشتى ، ئەمدى
ھۈنىرىڭنى ئۆگەت .
بۇ ئادەم يىغلاپ ئۆزىنى ئابۇزەرنىڭ ئايىغىغا
تاشلاپ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەختەكنىڭ ئۆ-
گەتكەنلىكىنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدى . ئا-
بۇزەر ھاكىم بۇ ئادەمگە خىراجەت بېرىپ يەنە بىر
شەھەرگە قوغلىۋەتتى . ئەمما نۇشىرۋان بۇ ئىش-
تىن بىخەۋەر ئىدى .
كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇشىرۋان شىكارغا چى-
قىپ قايتىپ كېلىۋاتقانىدى ، بىر ۋەيرانىلىككە
كېلىپ قالدى . ۋەيرانە تاملارغا نۇرغۇنلىغان جا-
نىۋارلار قونۇۋالغانىدى . بۇلار شۇنداق غەۋغا قى-
لىشىپ ، بىر توپ ، بىر توپ بولۇپ غەزەپ سوققۇ-
شۇۋاتاتتى .
پادىشاھ ھەيران بولۇپ :
— بۇ قانداق جانىۋار ، بۇلارنىڭ جېدەل
قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە ، ئۇلار نېمە دېيىشىۋا -
تىدۇ ؟ — دەپ سورىدى . شۇ زامان بەختەك :
— ئېھ جاھان شاھى ، بۇ چۈغۈندەك دېگەن
جانىۋارلاردۇر ، ئۇنىڭ ماكانى ۋەيرانىلىقتۇر ، ئۇ
قەيەرگە جايلاشسا شۇ يەر ۋەيران بولۇپ كېتە-
دۇ . بۇنىڭ تىللىرىنى ئابۇزەر ھاكىم
ئوبدان بىلىدۇ ، — دېدى .
نۇشىرۋان سورىدىكى :
— ئېھ ئابۇزەر ھاكىم ، بۇ جانىۋارلار نېمە دەيدۇ؟
ئابۇزەر ھاكىمنىڭ كۆزىگە يورۇق جان قا-
راڭغۇ بولدى ، بىلمەيمەن دېيىشنىڭ ئىلاجى يوق
ئىدى . شۇئان ئاتتىن چۈشۈپ :
— مەن يېقىنىراق بېرىپ ئاڭلاپ
باقاي ، — دەپ بىر تامنىڭ تۈۋىگە باردى . بىر
دەم ئويلانغانىدى ، ئۇنىڭغا بىر ئەقىل كەلدى -
دە ، دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ :
— ئېھ شاھىم ، ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان
چۈغۈندەكلەرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن . سولدىكى
چۈغۈندەكلەرنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن . قىز تە-
رەپ تويلۇق ئۈچۈن ئوغۇل تەرەپكە : «ئون ۋەيرا-
نىلىك بەرگىن» دېدى . ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپ-
نىڭ دۆتلىكىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ : «ھېلىغۇ
ئون ۋەيرانىلىك دەيسەن ، نۇشىرۋانغا بەختەك ۋە-
زىرلا بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ مەملىكىتى تامامەن
ۋەيران بولىدۇ . ساڭا ئون ئەمەس ، بەلكى يۈز
ۋەيرانە بېرەي» دېدى ، — دېدى .
نۇشىرۋان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەختەكنىڭ كا-
ساپىتىدىن مەملىكەت خاراب بولىدىغان بولسا ،
مەن قانداقمۇ ئادىل پادىشاھ بولغان بولىمەن .
بەختەكنى ئۆزۈمدىن يىراق قىلسام بولغۇدەك ،
دەپ ئويلاپ ، شۇئان بەختەكنى قىرىق كالتەك
ئۇرغۇزۇپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئابۇزەر ھا-
كىمغا ئېلىپ بېرىپ ، بەختەكنى گۇناھكار قىل-
دى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا نەسىھىتىنى ئەستە
تۇتۇپ ئابۇزەر ھاكىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە
ئىش كۆردى . ئۈچ ئىشتا ئادىل بولدى .
بىرىنچىسى : چۆل جەزىرىدە قوي باققان
كۈنلىرىنى ئۇنتۇمىدى . يېلىڭ - يالىڭاچ ، يالاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاياغ ، ئاچ ـ توق ، چۆللەردە تىكەن دەپسەپ تۇر-
مۇش قايغۇسىدا جاپا تارتقان غەمكىن بىچارىلەر-
نىڭ كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى .
پۈتۈن خەزىنىنى يوقسۇزلارغا ئاتاپ ، خەلقىنى باي قىلدى .

ئىككىنچىسى : گۇناھكارنى زىندانغا بۇي-
رۇشتىن ئېھتىيات قىلدى . زىنداننى ئۆزى يوق-
لاپ تۇردى ، گۇناھكارلارنى ئاچ قويمىدى ۋە قىي-
نىمىدى . زىنداندىكى بىركۈننى بىر يىل دەپ
ھېسابلىدى ، ھەق ـ ناھەققە كۆڭۈل بەردى . كى-
شىنىڭ سۆزىگە تەھقىق قىلمىغۇچە ئىشەنمىدى .
يامان يولغا ماڭمىدى .

ئۈچىنچىسى : ئالىملارنى ئىززەتلىدى . يا-
مانلارنى قېشىغا يولاتمىدى . پۇقرا بىلەن باراۋەر
ئۆتتى . داغدۇغا قىلمىدى . ئۇنىڭ دەۋرىدە قوي
بىلەن بۆرە بىر يەردە ياشىدى . كەپتەر بىلەن
لاچىن بىر ئۇۋىدا كۈپەيدى . دىن ، مەزھەپ ، مىل-
لەت دېگەننى ئايرىمىدى . ھەممىنى ئىنسان دەپ
قارىدى . ئۇ پەقەت ھەقىقەتنى ، ئادىللىقنى تاللى-
دى . شۇڭا ئۇنىڭ نامى «ئادىل» دەپ دۇنياغا
مەشھۇر بولدى . نۇشىرۋان بۇتپەرەس ئىدى ، لېكىن ئا-
دىل دېگەن نامنى ھەممىگە مەشھۇر قىلدى .

بىر كۈنى ئابۇزەر ھاكىمنى قىچقىرىپ :

— سىز مېنى ئۈچ ئىشقا مەجبۇرلىغاندا :

«بۇنىڭدىن سىزگە كۆپ مەنپەئەت يېتىدۇ»
دېگەنىدىڭىز . دۇنيادا ئادەملەر ئارزۇ قىلىدىغان
«ئادىل» دېگەن نامنى ئالدىم . ئەگەر ئۈچ ئىشنى
قىلىپ كۆرمىگەن بولسام خەلقنىڭ ھالىنى بىل-
مەس ئىدىم . بۇنىڭدەك ئۇلۇغ شان ـ شەرەپ
مۇيەسسەر بولماس ئىدى ، — دېدى .

## نۇشىرۋاننىڭ ئادالەت زەنجىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە : نۇشىرۋانى ئادىلنىڭ
يېنىغا ئادەم ئەگەشتۇرمەي كوچىغا چىقىپ پۇقرا-
لار بىلەن ئارىلىشىدىغان ئادىتى بار ئىدى . پۇقرا-
چە ياسىنىپ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى بىلدۈرمەيت-
تى ، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ھالى ـ كۈنىنى بىل-
مەكچى بولاتتى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى يالغۇز شەھەرگە
چىقىپ بىر قىزغىن بازارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋات-
قانىدى ، بىرئاتلىق كىشى شۇنداق تېز كېلىپ ،
يەتمىش ياش ئەتراپىدىكى بىرقېرى بوۋاينى ئاتقا
ئۇرغۇزۇۋەتتى ، بىچارە بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئاچىز
ئىدى ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئورنىدىن
تۇرغانىدى ، ھېلىقى ئاتلىق كىشى ئاتتىن چۈشۈپ
بوۋاينىڭ باش ـ كۆزىگە قامچا بىلەن بىر قانچىنى
ئۇرۇۋەتتى . بۇ ئۇرغۇچى ئوردا كىشىلىرىدىن ئى-
دى . ئۇ نۇشىرۋاننى كۆرمىدى ، ئارقىدىن بوۋاي-
نى سۆرەپ :

— ماڭ ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىمەن .
سەن مېنىڭ يولۇمنى توسۇپ ئىشىمدىن قويدۇڭ ، —
دەپ تەھدىت قىلىۋېدى ! بىرنەچچە كىشى ئاتلىق
كىشىگە بولۇشۇپ :

— سەن بۇ كىشىگە كاشىلا بولۇپ ئىشى-
دىن قويدۇڭ ، خۇشال كېتىۋاتقان كىشىنى خاپا
قىلىپ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدىڭ ، بۇنىڭ ئۈ-
چۈن پادىشاھ سېنى جازالايدۇ ، — دېدى . بىچا-
رە بوۋاي ئاتلىق كىشىدىن گۇناھىنى تىلىدى .
ھېلىقىلار ئارىلاشقان بولۇپ ئايرىپ قويدى . بو-
ۋاي قۇتۇلغانغا شۈكرى قىلىپ مىڭ رەھمەت بى-
لەن ئۆيىگە كەتتى .

نۇشىرۋان بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرۈپ شۇ-
ئان بارگاھىغا ياندى ، بېرىپ تەختى سەلتەنىتىدە
ئولتۇرۇپ ، بوۋاينىڭ ئەرزىنى كۈتۈپ ئولتۇر-
دى . لېكىن بوۋاي كەلمىدى . «بۈگۈن كېلىدۇ ،
ئەتە كېلىدۇ» دەپ بىرئايغىچە ساقلىدى . ھېچقاندا-
داق خەۋەر بولمىدى . بىر كۈنى يەنە شۇ كوچىغا
باردى ، ھېلىقى كۈنى بوۋاينىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋال-
غانىدى ، ئىستەپ تېپىپ ئۆيىگە كىردى . بوۋاي
تېخىچە ساقىيالمىغانىدى . نۇشىرۋان كېسەلنىڭ
سەۋەبىنى سورىغانىدى ، بوۋاي ھېلىقى كۈنى يۈز
بەرگەن ۋەقەنى ئۆزئەينى بايان قىلىپ ، تاياق زەر-
بىسىدىن ھازىرغىچە ئوڭشالالمىغانلىقىنى دېدى .
نۇشىرۋان :

— نېمە ئۈچۈن ئەرز قىلمىدىڭىز ؟ — دەپ سو-
رىغانىدى ، بوۋاي جاۋاب بېرىپ :

— ئېھ ئوغلۇم ، مەن ئەرز قىلىپ باردىم ،
لېكىن ياساۋۇللار دەرۋازىدىن كىرگۈزمىدى . پا-

دىشاھ ئادىل بولغان بىلەن بىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلمىگەندىكىن، پادىشاھغىمۇ، بىزگىمۇ نېمە ئىلاج؟ ئەگەر پادىشاھىمىز بىلىدىغان بولسا مەن مۇشۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم، — دەپ زار-زار يىغلاپ كەتتى.

پادىشاھ ئويلىدىكى، مەن ئادىل بولغان بىلەن خەلقىم بىلەن كۆرۈشەلمەيدىكەن. ئادالەتسىزلىك تېخى تۈگىمەپتۇ، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلمىسام بولمىغۇدەك، دەپ بېشى قېتىپ، ئابۇزەر ھاكىمنى چاقىرىپ كۆڭلىدىكىنى بايان قىلدى ۋە قانداق قىلىشنى سورىدى. ئابۇزەر ھاكىم:

— ئېھ ئالەم پاناھ شاھ، ھايات ناھايىتى قىسقىدۇر، بىر كۈن پادىشاھغىمۇ، گادايغىمۇ، يىغلىغانغىمۇ، كۈلگەنگىمۇ ئوخشاش ئۆتىدۇ. ئۆمۈر بارى بىر ئاخىرلىشىدۇ، مەنسەپ، مال-دۇنيا جانغا ئەسقاتمايدۇ. ئەجەل توشقاندا ھەممە ئادەم ئوخشاشلا ئۆلىدۇ، قايتا كەلمەيدۇ. مۇشۇنچىلىك قىسقا ئۆمۈرگە پادىشاھلار خەزىنە توپلايدۇ، تۈمەنلىگەن ئادەملەرنى قىيناپ، يىغلىتىپ، ئاچ-زېرىن، يېلىڭ-يالىڭاچ قالدۇرۇپ، توپلىغان خەزىنىسى ئەمدىلا ھۇزۇرىغا يېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاي دېگەندە ئەجەل جانىنى ئالىدۇ. خەزىنە كېيىنكىلەرگە قالىدۇ. ئۇ گويا قان چاچقاندەك بۇزۇپ چېچىپ تۈگىتىدۇ. پۇل توپلىغۇچىلار، ئەمەلدارلار يېمەي-ئىچمەي يىغىدۇ، بىر كۈنى ئۆلىدۇ. راھىتىنى خوتۇنىنىڭ كېيىنكى ئېرى كۆرىدۇ. سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز ھەقتۇر. ئادىل بولاي دېسەڭ زالىم بولما، خەلقنىڭ دادىغا يەت. تىلسىز، تىللىق جانلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىمدار بول. ئۆمرۈڭنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئالەمدە ياخشى نام قالدۇر. ياخشى نام تۈگىمەس خەزىنىدۇر. مەن ساڭا شۇنداق بىر ئادالەت زەنجىرى قويۇپ بېرەيكى، ھەممە ئادەم چوڭ-كىچىك، باي-كەمبەغەل دېمەستىن سىزنىڭ بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان بولسۇن. ھەتتا جان-جانىۋار، ھايۋاناتلارمۇ سىزنىڭ ئادالەت-شەپقىتىڭىزدىن بەھرى ئالالايدىغان بولسۇن. بۇنىڭ بىلەن جاھاندىن ياخشى ئېتىڭ ئۆچمەي، ئالەم ئەھلى ياخشى نام بىلەن ياد قىلىدۇ، — دېدى.

نۇشىرۋان شاھ بۇنىڭدىن شۇنداق خۇشال بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ رىغبىتىنى ئابۇزەر ھاكىمغا تاپشۇردى. ئابۇزەر ھاكىم چىقىپ ئىلمىي ھېكمەت بىلەن ئالتۇندىن بىر زەنجىر بەرپا قىلدىكى، بۇ زەنجىر يەر يۈزىدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش گەز كۆتۈرۈلۈپ. ئاپتاپتەك روشەن نۇر چېچىپ، بىر ئۇچى بارگاھ دەرۋازىسىدىن يىراق جايدىكى ئات يېتىلىگۈچىلەر دەرۋازىسىدا، بىر ئۇچى بارگاھ تۈنۈكىدىن كىرگۈزۈپ تەخت ئۈستىدە گويا ھەسەن-يۈسەندەك تۇراتتى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ دادى بولسا كېلىپ زەنجىرنى تۇتسا ئۇنىڭ ساداسى بىۋاسىتە پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كىرەتتى. ئابۇزەر نەسىھەت قىلىپ:

— ئېھ ئالەم پاناھ شاھ، سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانلار كېلىپ بۇ زەنجىرنى تۇتسا قۇلىقىڭىزغا شۇئان ئاۋاز كېلىدۇ. شۇ زامان ئۆزۈڭ چىقىپ ئۇنىڭ ھالىغا يەتكىن. ئەگەر مۇشۇنداق قىلساڭ ئالەم ئارا جاھان خەلقى ساڭا قايىل بولۇپ ئىتائىتىڭگە بويسۇنغۇسىدۇر ۋە سەن جاھاننى قولغا كىرگۈزەلەيسەن، — دېدى.

پادىشاھ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، ئابۇزەر نېمە دېگەن بولسا شۇنداق قىلدى. ئەرزى بار كىشىلەر كېلىپ زەنجىرنى تۇتاتتى، ئۇنىڭدىن چىققان سادا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كېلەتتى، بۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمىدى. كەلگەنلەرنى پادىشاھ ئۆزى قوبۇل قىلىپ، دادىخاھقا كەلگۈچىلەر يىغلاپ كەلگەن بولسا، خۇشال قايتتى، ئادەملەر بىر-بىرىنى بوزەك قىلىدىغان، قاقشىتىدىغان ئىشلار تۈگىدى، زالىملار زۇلۇم سالالمىدى. خەلق ئىناق، تۇرمۇش باياشات، كۆڭلى خاتىرجەم ئۆتتى. مەملىكەتتە ئادالەتسىزلىك قىلمىدى. پات-پۇرسەتتە زەنجىرى ئادالەتنىڭ داڭقى ئالەمگە تارقاپ پادىشاھنىڭ ئادىللىقى مەشھۇر بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى نۇشىرۋانى ئادىل مەجلىس ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى، ئالتۇن زەنجىر ئارقىلىق قۇلىقىغا بىر سادا كەلدىكى، توختىمىدى. نۇشىرۋان بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، مەجلىس ئەھلىنى ئېلىپ زەنجىرنىڭ قېشىغا بارغانىدى، بىر ئورۇق ئېشەك زەنجىرگە سۈركىلىپ لىڭشىتقىلى تۇرۇپتۇ. نۇشىرۋان بۇنى كۆرۈپ، بۇ ئېشەك نېمە ئۈچۈن كەلگەندۇ؟ يائۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگىلى بولمىسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، دەپ ئېشەككە نەزەر سالغانىدى، ئېشەكنىڭ پۇتلىرىنى يۆتكىگۈدەك مادارى قالماپتۇ. ئورۇقلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ . بۇنىڭدىن بىلدىكى ، ئېشەكنى ئىگىسى ئېغىر ئىشلارغا سېلىپ ياخشى باقماي ، قېرىغاندا ھەيدىۋېتىپتۇ .

شۇئان پەرمان قىلىپ : «ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ كېلىڭلار !» دەپ ئىككى ياساۋۇلنى ئەۋەتتى . بۇلار ئېشەكنى ھەيدەپ ئارقىسىدىن ماڭغاندى ، ئېشەك بېرىپ بىر سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا كىردى . ياساۋۇللارمۇ كىرىپ ، سودىگەردىن :

— بۇ ئېشەك كىمنىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— مېنىڭ — دېدى سودىگەر .ياساۋۇللار :

— سېنى پادىشاھ چاقىرىدۇ ، — دەپ ئۇنى ئوردىغا ئاپاردى . پادىشاھ سوراق قىلىشقا باشلىدى :

— سەن نېمە ئادەم ؟

— مەن سودىگەر .

— بۇ ئېشەك كىمنىڭ ؟

— مېنىڭ .

— نېمە ئۈچۈن باقمىدىڭ ؟

— قېرىپ كەتتى ، ھەيدىۋەتكەنىدىم .

— دۈمبىسى نېمىدەپ يېغىر بولدى ؟

— مەن ئىشلەتكەنىدىم .

— ئۇ ، ساڭا نەچچە يىل ئىشلىدى ؟

— ئوتتۇز يىل ئىشلىدى .

— نېمە ئۈچۈن شۇنچە يېغىر قىلىۋەتتىڭ ؟

— بۇ ئېشەك ياش ۋاقتىدا مەن باي ئەمەس ئىدىم . ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىنى مۇشۇ ئېشەك بىلەن قىلاتتىم . ھاردىم - تالدىم دېمەي ماڭدى ، يېغىر ئازابىغىمۇ چىدىدى . مۇشۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ پۇل تاپتىم . ئەمدى ئېشەك قېرىدى . ئورنىغا ياش ئات ، قېچىر سېتىۋالدىم . ئېشەكنىڭ كېرىكى قالمىغانلىقى ئۈچۈن جېنىڭنى باق دەپ ھەيدىۋەتتىم .

— ئەمدى ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالساڭ بولماسمىدى ؟

— ئورۇن ۋە ئوقۇر يوق . ئۇنىڭ ئورنىغا ئات ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدىم ..

نۇشىرۋان ئادىل سودىگەرنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى - دە :

— ياشلىقىدا ئىشلىتىپ ، قېرىغاندا ھەيدىۋېتىپ ، مۇشۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلساڭ بولامدۇ؟ بۈگۈندىن باشلاپ قىرىق كۈن ئىچىدە ئېشەكنى سەمرىتىپ ، يېغىرلىرىنى داۋالاپ ئېلىپ كېلىسەن . ئەگەر سەمرىتەلمىسەڭ ئېشەكنىڭ كۈنىنى سەن كۆرۈسەن ! — دەپ ھەيدەپ چىقاردى پادىشاھ .

سودىگەر شۇ كۈندىن باشلاپ ئېشەككە قوناق ، بېدە بېرىپ باقتى . ئېشەك كۈندىن - كۈنگە سەمرىشكە باشلىدى . يىگىرمە كۈن بولغاندا ئارقا- ئارقىدىن ھاڭراپ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىشقا باشلىدى . ھەربىر ھاڭرىسا يەر - زېمىننى تىترىتىۋەتتى . قىرىق كۈن بولغاندا يېغىرلىرىمۇ ساقىيىپ ، سېمىزلىكتىن ئىككى ياشلىق تەخەيدەك بولۇپ كەتتى . ئىككى ئادەم بولمىسا سۇغارغىلىمۇ ئاپىرالمىدى . ئېشەكنىڭ ھەيۋىسىدىن ياش ئات - قېچىرلىرىمۇ تىترىشىپ تۇرىدىغان بولدى . سودىگەر ئېشەكنى ئېلىپ نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا باردى . نۇشىرۋان كۆردىكى ، ئېشەك سەمرىپ ، ئويناقلاپ تۇرۇپتۇ . جامائەت كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى . نۇشىرۋان :

— ئېھ سودىگەر ، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى .

— مەندىن زالىملىق ئۆتۈپتۇ ، — دېدى سودىگەر ، — ئۆزۈم ئوبدان باقماي ، يېڭىنى كۆرۈپ كونىسىدىن ۋاز كېچىپتىمەن . كۆرگەن كۈنلىرىمنى ئۇنتۇپ ياخشىلىق قىلغۇچىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپتىمەن ، — دەپ ئۆزىنىڭ قىلغان ۋىجدانسىزلىقىغا مىڭلىغان ئەپسۇسلار قىلدى .

شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق ئىچىدە «چارۋىنى ياخشى باقماي تاشلىۋەتسىمۇ گۇناھ بولىدىكەن» دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ ، ھەممە ئادەم ئات - ئۇلاغ ، چارۋىلىرىنى ئوبدان باقىدىغان بولدى . چارۋىلىرى سەمرىگەنسېرى كۆپىيىپ خەلق تۇرمۇشى باياشات ئۆتتى .

ئېشەك دەۋاسىنىڭ خەۋىرى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ ، نۇشىرۋاننىڭ «ئادىل» دېگەن نامى جاھاندا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى . ئالەم خەلقى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ئۆزىگە دوست تۇتتى . نۇرغۇن مەملىكەتلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئى-

تائىتىگە كىردى .

## ۋەيران بولغان شەھەر

رىۋايەتچىلەرنىڭ تارىخ ناملىرىدىن رىۋايەت
قىلىشىچە ، نۇشىرۋاننىڭ ئادالىتى ئالەمگە مەش-
ھۇر بولۇپ ، نامى «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ ئاتال-
دى . مەملىكەتتە ئادالەت تۇرغۇزۇلۇپ ، خەلق خا-
تىرجەم ياشىدى ، زۇلۇم ـ زۇلمەت ، ناھەقچىلىك
تۈگەپ ، دادىخاھقا كېلىدىغان دەۋاگەرلەرمۇ ئازى-
يىپ كەتتى . بۇنىڭدىن پادىشاھ خۇشال ۋە خاتىر-
جەم بولدى . كۆپىنچە ۋاقتىنى مۇنەججىملەردىن
تەلىم ئېلىش ، ئىلىم ـ ھېكمەت مۇتالىئە قىلىش
بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، يىراق ۋىلايەتلەرنىڭ ھالىدىن
خەۋەر تاپمىدى . كۆڭلىدە ھەممە شەھەر ـ ۋىلايەت-
لەر ئوخشاش دەپ بىلدى ، خوجا ئابۇزەر جەمھۇر
ھاكىم بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي ، نۇشىرۋان
ئادىلغا مەملىكەتنى تەكشۈرۈپ چىقىش توغرىسىدا
تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ ، ۋاقتىدا كىشى ئەۋەت-
مەي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . ئاخىرى خوجىنىڭ
ئىچى پۇشۇپ بىرقانچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقمى-
دى ، پادىشاھ قارىسا ، خوجا كۆرۈنمىدى . پادىشاھ
نېمە ھادىسە بولغاندۇ بىلىپ كېلەي ، دەپ خوجى-
نى كۆرگىلى كەلدى . كەلسە خوجا كېسەل بولۇپ
يېتىپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭدىن بىرقۇر ھال سوراپ
بولۇپ :

— ئېھ خوجا ، سەن تېۋىپقا بىھاجەت ،
جىمى دورىلارنى بىلىسەن ، داۋالاشتىن خەۋەردار
تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ كېسىلىگە ئى-
لاج قىلالمىدىڭ ؟ — دېدى .

— مېنىڭ كېسىلىمگە ۋەيرانلىق ـ خارا-
بىلىقنىڭ چالمىسى پايدا قىلاتتى ، ئىككى ۋەيران-
غا بېرىپ ، ھەربىرىدىن بىرتالدىن چالما ئەكەل-
سەم بولاتتى ، — دېدى ۋەزىر .

پادىشاھ شۇئان ئىككى كىشىنى ۋەيرانلىققا
بېرىپ ئىككى تال چالما ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەت-
تى . بۇلار شۇ كەتكەنچە ئەسكى تام تاپالماي ئۈچ
ئاي بولغاندا ئىككى چالمىنى ئېلىپ كەلدى . خو-
جا بۇ چالمىنى كۆرۈپ شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ
پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى . پادىشاھ خوجىنىڭ بىردىنلا
ساقىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ :

—ئېھ خوجا ، قانداق قىلىپ ساقايدىڭىز ؟ —
دەپ سورىغانىدى . خوجا جاۋاب بېرىپ :

— ئېھ ئالەم پاناھ شاھ ، سەن پادىشاھ
بولۇپ ، مەن ۋەزىر بولۇپ ، سېنىڭ قەدىمىڭ بەر-
كاتىدىن ۋە ئەدلى ـ ئادالىتىڭدىن جاھان ئاۋات
بولدى ، ياخشى نامىڭ جاھانغا مەشھۇر بولدى .
ئەمما مەملىكەتتە يامان ئىشلارمۇ يەنە بارمىكىن ؟
دەپ ئەنسىرەيتتىم . بۈگۈن بۇ گۇمان ئاشكارا
بولدى . شۇڭا ساقىيىپ قالدىم ، — دېدى . پا-
دىشاھ خوجىنىڭ بۇنداق پەم ـ پاراستىگە تەھ-
سىن ئوقۇدى . ئاندىن كېيىن :

— بۇ ئىككى تال چالمىنى ئەكەلگەن جاي
نېمە سەۋەبتىن ۋەيران بولۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، — دېدى
خوجا ، — مەغرىب تەرەپتە بىرشەھەر ، مەشرىق
تەرەپتە بىر شەھەر ۋەيران بولۇپتۇ . مەغرىب تە-
رەپتىكى شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىدىكى سەۋەب :
چىن مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ ئوغلى بىر بار .
ئۇنىڭ ئېتىنى بەھرامگوردۇر . ئۇ سېنىڭ خوتۇ-
نۇڭنىڭ قېرىندىشىدۇر . ئۇ ئادەم شۇنداق زالىم
ئىكەنكى ، خالىغان ۋاقتىدا پۇقرالارنى ئاياغ ئاستى
قىلىدۇ ، خالىغان ۋاقتىدا پۇل ـ ماللىرىنى بۇلاپ
كېتىدۇ . بۇنىڭ زۇلمىدىن خەلقىنىڭ ھالى خا-
راب ، يۇرتى ۋەيران بولۇپ كەتتى . ئۇ ، ئاتىسى-
نىڭ سۆزىگىمۇ كىرمەيدۇ ، ئۇ زالىمنى خاقانى
چىنمۇ باشقۇرالمىدى . خوتۇنۇڭ بىلەن قېرىنداش
بولغاچقا ، ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارمۇ يېتىنالمى-
دى .

مەشرىق تەرەپتىكى شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىغا كەلسەك، بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى پۇلدار بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇ سودىگەر ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېچ نېمىسى يوق ئىدى، مال- دۇنيالىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم چىقماي قالدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى سېنىڭ زەنجەرى — ئادالىتىڭنىڭ خىسلىتىدىن بىر — بىرىنى بوزەك قىلىدىغان، زۇلۇم سالىدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى ئالىدىغان يامان ئىشلاردىن خالىي ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى كىشىنىڭ ھەققىدىن ۋە ئامانىتىدىن ئىنتايىن قورقىدۇ. سودىگەر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئامانىتىدىن قورقۇپ بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ يەنە بىر يەرنى ماكان قىلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بۇ شەھەر ۋەيران بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرى ئادالەتسىزلىكتىن، بىرى ئادىللىقتىن ۋەيران بولدى.

نۇشىرۋان ئادىل بۇنى ئاڭلاپ خوجىنىڭ ھېكمەت، كارامەتلىرىگە تەھسىن ئوقۇدى. شۇ زامان كىشى بۇيرۇپ سودىگەرنىڭ ئورۇق — ئەۋلادلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بەردى. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە نۇرغۇن ئىنئاملار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەخلاقىغا رەھمەت ئېيتتى. شەھەردىن كۆچۈپ تارقان زىيانلىرىنى خەزىنىدىن تۆلەپ بېرىپ، ۋەيران بولغان ئانا شەھەرنى يېڭىدىن ياساپ بەردى.

ئاتىسىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، پادىشاھنىڭ نامىنى سېتىپ خەلقنى قاقشىتىپ، مەملىكەتنى ۋەيران قىلغان بەھرامگور خاقاننىڭ ئەدەپىنى بېرىش ئۈچۈن «ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭلار!» دەپ قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن رۇستەمنىڭ نەۋرىسى گۇستىھەمنى ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە: گۇستىھەم قىرىق مىڭ قوشۇنغا سەردار بولۇپ بەھرامنى تۇتۇپ، لەشكىرىنى ئەسىر قىلىپ، تارقاپ كەتكەن خەلقنى ئۆز شەھەرىگە ياندۇرۇپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن راۋان بولدى. بۇلار نەچچە مەنزىل — ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ بەھرامنىڭ شىكار گاھىغا يېتىپ كېلىپ بىر بوستانلىقتا چۈشتى ۋە بەھرامنى تۇتۇش پىكرىدە تۇراتتى، بۇ خەۋەر بەھرامغا يەتتى. بەھرام ئۆزىنىڭ خىللانغان ئۈچ يۈز دىلاۋەرلىرىنى بىرگە ئېلىپ، سۈبھى ۋاقتى بىلەن كېلىپ گۇستىھەم خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان پەيتتە تۆت تەرەپتىن قورشاپ پۈتۈن قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلىقسىز ئەسىر ئالدى. سىپاھلار پىيادە بولۇپ ياراقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، قىلىچلىرىنى تاشلاپ بەھرامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇللۇق بەجا كەلتۈردى. بەھرامنىڭ چاھار پايلىرى تولا ئەدى. ھەممىدىن يىلقىسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەسىرلەرنىڭ ئۆلتۈرگەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزەلىرىنى ئۆزىگە سىپاھ قىلىپ، گۇستىھەمنى يىلقىسى بار جايغا ئېلىپ باردى. گۇستىھەم رۇستەمنىڭ نەۋرىسى بولۇپ ناھايىتى پەھلىۋان ۋە تەدبىرلىك ئىدى. بىرنەچچە ئېغىز ياخشى سۆزلەر بىلەن بەھرامنى خۇش قىلدى. بەھرام ئۇنىڭدىن:

— سەن قايسى خىزمەتنى تىلەيسەن؟ — دەپ سورىدى، گۇستىھەم جاۋاب بېرىپ:

— يىلقىلىرىڭنى بېقىپ، سېنى قىمىز بىلەن خۇش قىلسام، دېيمەن، — دېدى، بەھرام گۇستىھەمنى نەچچە مىڭ لەشكىرى بىلەن يىلقىسى بار يايلاقتا قويۇپ، بارگاھىغا ياندى. شۇنداق قىلىپ گۇستىھەم توققۇز يىل بەھرامنىڭ يىلقىسىنى باقتى.

## دەھشەتلىك چۈش

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، نۇشىرۋان ئادىل زالىم ۋەزىر بەختەكنى دومبالاپ ئۇنىڭ ھوقۇقلىرىنى خوجا ئابۇزەر جەمھۇرغا ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەملىكەتلىرىگە ئادالەت ئورۇۋقىنى چىچىپ، خەلق پەرۋەرلىك بىلەن گاھى شىكار قىلىپ، گاھى زىياپەت سورۇنلىرىدا ئولتۇ-

رۇپ خاتىرجەم يۈرگەندى . بىر كېچىسى شۇنداق دەھشەتلىك بىر چۈش كۆردىكى ، چۈشىدە ئۇ ، بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرغاندى ، شەھرى خەيبەر تەرەپتىن بىر ئوت پەيدا بولدى . ئۇ ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ جاڭگاللارنى ۋە تاغلارنى كۆيدۈرۈپ مەدايىن تەرەپكە يۈزلەندى . نۇشىرۋان ئادىل كۆڭلىدە ئوت شەھەرگە كەلمەس ، دەپ قاراپ تۇرغاندى ، ئوت شەھەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سېپىلگە تۇتاشتى . شەھەرنى كۆيدۈرۈپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى . ئەتراپنى ئوت قاپلاپ كەتتى . نۇشىرۋان ئادىل قورقۇنچىدىن بارگاھىغا كىرىپ تەختىگە چىقىۋالدى . ئوت تەختىگە تۇتاشتى ، ئاندىن نۇشىرۋان ئادىلغا تۇتاشقىلى تۇرغاندى ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر پارچە ئاق بولۇت ، ئىككى پارچە قارا بولۇت پەيدا بولۇپ شىددەتلىك يامغۇر ياغدى ، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچتى . نۇشىرۋان شۇئان ئويغىنىپ ، كۆرگەن چۈشىنىڭ دەھشىتىدىن شۇنداق قورقۇپتىكى ، كۆزىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى . ئۇنىڭ بىرخاس قۇلى بار ئىدى ، كېچىدە ئۇنىڭغا ئىككى ساندۇق جاۋاھىراتنى كۆتۈرتىپ خوجىنىڭ قېشىغا كەلدى . بۇ چاغدا خوجا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندى ، قۇل كىرىپ پادىشاھنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى . خوجا دەرھال ئالدىغا چىقىپ پادىشاھنى تائەتخانىسىغا باشلاپ كىردى . ئاندىن سورىدىكى :

— ئىھ شەھەربىيار ئالەم ، كېچىسى يول يۈرمەكلىك خەتەردۇر ، نېچۈك ئىش يۈز بەردى ؟

نۇشىرۋان ئادىلدىن تېخىچە چۈشىنىڭ قورقۇنچىسى كەتمىگەنىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ يىغلاپ كۆرگەن چۈشلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلىپ بولۇپ :

— ئىھ خوجا ، بۇ كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بەرگىن ، — دەپ تەلەپ قىلدى . خوجا دېدىكى :

— سىزنىڭ كۆرگەن بۇ چۈشلىرىڭىزنىڭ تەبىرى شۇكى : شەھرى خەيبەردىن ئەلقىمە دەپ بىرسى پەيدا بولۇپ ، تامام شەھەرلىرىڭىزنى ئالۇر ، ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلساڭ ئىنتايىن خەتەردۇر . سەن قاچىسەن ، ئۇ تەختى ـ تاجىڭنى ۋە دۇنيا ـ دەپىنەلىرىڭنى ئېلىپ شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپ يېنىپ خەيبەرگە بارغاندا ، مەككە تەرەپتىن ئۈچ يىگىت پەيدا بولۇپ ئەلقىمەنى ئۆلتۈرۈپ ، تەختى ـ تاجىڭنى ساڭا تاپشۇرغاي ، سەن ئاندىن بەرقەرار بولغايسەن .

نۇشىرۋان ئادىل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ پەرىشان بولۇپ ، بۇنىڭ تەدبىرىنى سورىدى . خوجا چۈشنى شۇنداق شەرھى قىلدى :

— مەككە تەرەپتىن ئۈچ بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئوت ئۆچۈردى ، دېدىڭ . مەككە تەرەپتىن ئۈچ ئوغۇل دۇنياغا كېلىپ ئۇلار ئەلقىمەنى ئۆلتۈرۈپ تاج ـ تەختىڭنى بەرقەرار قىلۇر . ئۇ ئۈچ ئوغۇل تېخى تۇغۇلمىدى ، ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆپ پۇل ـ مال بېرىپ ئۇلارنى خۇشال قىلغايسەن . ئاندىن بالىلىرىنى ئۆزۈڭگە بالا قىلىۋالغايسەن . بۇ ئوغۇللارنىڭ يۈزخاتىرىسى ئۈچۈن شەھەردىن ئالىدىغان باج خىراجنى توختاتقىن . نۇشىرۋان :

— ئىھ ئاتا ئورنىدا قالغان ئاتام ، — سەن پىنھان بېرىپ تۇغۇلىدىغان ئۈچ ئوغۇلنى تېپىپ ، ئۇلارنى ماڭا پەرزەنت قىلىپ بەرگىن ھەم ئۆزۈڭ ئاتا بولغىن ، — دېدى ۋە خوجىغا يەنە بەش ئالىمنى قوشۇپ مەككە تەرەپكە ئەۋەتتى .

خوجا بۇرادەرلىرى بىلەن مەككىگە باردى . بۇ شەھەرمۇ نۇشىرۋان ئادىلغا باج ـ خىراج تۆلەيدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرسى ئىدى . شەھەرنىڭ رەئىسى «ۋەزىر كەپتۇ» دەپ خوجىنىڭ ئالدىغا چىقتى . شۇنداق قىلىپ ، خوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مەككە رەئىسى جاكارلاپ : «بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەرقانداق كىشىنىڭ پەرزەنتى تۇغۇلسا ئۇل پەرزەنت پادىشاھقا پەرزەنت بولغۇسىدۇر . ئاتا ـ ئانىسى ۋە بۇ مەملىكەتمۇ ئۇل پەرزەنتلەرنىڭ دۆلىتىدىن شاد ـ خۇرام بولغاي» دەپ ئۇقتۇردى . بۇ خەۋەر بىردەمدىلا شەھەرگە مەشھۇر بولدى . شۇ كېچىسى مەككە رەئىسىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى . پادىشاھ بالىسىنى كۆتۈرۈپ خوجىنىڭ قېشىغا كىردى ، خوجا قولىغا ئېلىپ ، ئەبۇلئەلى دەپ ئات قويدى . ئىككىنچى

كۆنى پادىشاھنىڭ مۇبەشىرە ئىسىملىك بىر قۇلى بار ئىدى ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى . خوجا بۇ ئوغۇلغا خوجا مەقبۇل ۋاپادار دەپ ئات قويدى . ئاتىسىغا نۇرغۇن مال ــ دۇنيا بەردى . مەزكۇر قۇل پۇل ــ ماللارنى ئالغاندىن كېيىن شۇ سائەتتە ياخشى كىيىم ــ سەرۇپايلارنى كىيىپ ، بىر ئاتقا مىنىپ بازارغا چىقتى . مەككە زەئىسىنىڭ ئەمىيە دەپ يەنە بىر قۇلى بار ئىدى ، ئۇ تۆگە باقاتتى . كۆردىكى ، دوستى مۇبەشىرە پاكىز سەرۇپايلارنى كىيىپ بىر ئاتقا مىنىۋاپتۇ . ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ھەي ئاداش ، بۇ ئات ۋە كىيىم ــ كېچەكلەرنى نەدىن ئالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . مۇبەشىرە :

— مېنىڭ پەرزەنتىم پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىلغا پەرزەنت بولدى ، مەن ھەم پەرزەنتىمنىڭ ئاتىسىدۇرمەن . بۇنچە ئابرۇي تاپقان بولسامۇ ، سەن يەنىلا ماڭا دوستدۇرسەن ، — دەپ ئۇنى بىر قامچا ئۇردى . ئەمىيەنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتتى ، مۇبەشىرە بولسا يولىغا ماڭدى ، ئەمىيە بىرسىدىن :

— مۇبەشىرە بۇ دۆلەتكە قانداق ئېرىشىپتۇ ؟ — دەپ سورىغانىدى ، ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ :

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈندۇر ، تاكى ئاخشامغىچە ھەرقانداق كىشىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا ، ئۇ كىشى مۇشۇنداق دۆلەتكە ئېرىشىدۇ ، — دېدى . ئەمىيەنىڭ خوتۇنى يەتتە ئايلىق ھامىلدار ئىدى . ئۇ بېشىنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇپ ئۆيىگە كەلدى . خوتۇنى ئېرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ :

— نېمە بولدۇڭ ؟ — دەپ سورىدى . ئەمىيە يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلىپ :

— بالىنىڭ ئاي ، كۈنى توشمىسىمۇ چالا تۇغقىن . بالىنى ئېلىپ بېرىپ مۇبەشىرەدىن ئىنتىقامىمنى ئالغايمەن ، — دەپ تۇرۇۋالدى . خوتۇنى خاپا بولۇپ ، يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن كەل دەپ بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاچقانىدى ، قۇلنىڭ قەھرى كېلىپ «ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تۇغىسەن» دەپ قورسىقىغا بىر پەشۋا تەپكەنىدى ، شۇئان خوتۇنىنىڭ بويىدىن چۈشتى . ئەمىيە قورقۇپ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ خوجىنىڭ ئىشىكىگە باردى . خوجا بولسا ، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ۋاقىت تۈگەيلا دەپ قالدى ، تېخىچە بىر پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ھېچبىر ئەسەر يوق . بۇ قانداق بولغىنى ، دەپ ھەيران بولۇپ ساقلاپ تۇراتتى ، ئەمىيە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يېنىپ ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنىدىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى . خوتۇنى :

— بالا سالامەت تۇغۇلدى ، ئېمىپ ھېلىلا ئۇخلاپ قالدى ، — دېدى . ئەمىيە كېلىپ بالىنى ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە خوجىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ گاھى بالىغا قاراپ ، گاھى ئىشىكتىن ماراپ تۇردى . خوجا ئىشىكتىن چىقىپ بالىنى كۆرۈپ قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەمرى دەپ ئات قويدى . بۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار كۈلۈشكەنىدى ، خوجا ئۇلارغا :

— سىلەر كۈلمەڭلار ، بۇ شۇنداق ئادەم بولۇپ چىقىدىكى ، بۇنىڭغا مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كۈنلۈك يولدۇر . يەتمىش ئىككى تىلنى بىلۇر ، يەتمىش ئىككى سۈرەتتە بولۇر ، جەڭ قىلماي شەھەر ئالۇر ، ھازىر مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنلىكىڭلار ئۈچۈن چوڭ بولغاندا سىلەرگە ئىزا قىلۇر ، — دېدى ۋە ئەمىيەگەمۇ نۇرغۇن پۇل ــ مال بەردى . خوجا ئۈچ ئوغۇلغا ئىنىكئانا (دايە) تەيىنلىمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، ئىشىكتىن بىر مەزلۇم سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى ، ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپلا :

— مەن يەمەندىن كەلدىم ، چۈشۈمگە «ئېھ مەزلۇم ، تېز بارغىن ، ئۈچ پەھلىۋان دۇنياغا كەلدى . سەن ئۇلارنى ئېمىتىپ چوڭ قىلساڭ ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مەئمۇر بولغۇسىدۇر» دەپ بېشارەت بولدى . شۇ سەۋەبتىن كەلدىم ، — دېدى . خوجا بۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . ئەمما باللار ئۇنى ئەممىدى . ئاخىرى بۇ مەزلۇم ئەبۇلئەلەننىڭ ئاغزىغا ئەمچەكنى تىقىپ تۇرۇپ :

— ئېھ شوم ، سېنى ھازىر ئۆلتۈرمىسەم ، كەلگۈسىدە پادىشاھ ئەلقىمەنى ئۆلتۈرۈپ نۇشىرۋاننىڭ

تەختنى ئۆز قولىغا ئاپىرىپ بېرىسەن ، ــــ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن گېلىنى شۇنداق سىقىشقا بالا ئەمچەكنىڭ توپچىسىنى بىر چىشلىگەنىدى ، خوتۇن پايلىيالماي چىرقىراپ كەتتى ، شۇئان باشقىلار يۈگۈرۈپ كىرسە خوتۇن قانغا بويلۇپ يېتىپتۇ . ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلەلمەي خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ قېشىغا كىرىپ سورىغانىدى ، خوجا كۈلۈپ قويدى .

خەيبەر شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئەلقەمە ئىسىملىك چوقۇر بىر كىشى ئىدى ،بۇ ئادەم نۇشىرۋان ئادىلنى ئاغدۇرۇۋېتىش خىيالىدا يۈرەتتى . ئۇ بىر كۈنى شۇنداق چۈش كۆردىكى : مەككە تەرەپتىن بىر ئاپتاپ چىقىپ ئالەمنى يورۇتۇپ ، مېۋىلەرنى پىشۇرۇپ ، دەريالارنى قاينىتىپ ، خەيبەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى . ئەلقەمە بۇ چۈشنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ ئويغىنىپ ، بىلقىس دەپ بىر ۋەزىرى بار ئىدى ، ئۇنى كەلتۈرۈپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغانىدى ، ئۇ تەبىر بېرىپ :

ــــ بەربەر تۈپرىقىدىن بىر يىگىت پەيدا بولۇپ ، ئۇ ئىككى ھەمراھىسى بىلەن كېلىپ سەن نۇشىرۋاننىڭ شەھىرىگە بېرىپ ، نۇشىرۋاننى قوغلاپ شەھەردىن چىقىرىپ تەختى ـ تاجىنى ئېلىپ يېنىپ كەلگۈچە سېنى ئۆلتۈرۈپ تاج ـ تەختىنى ئىگىسىگە ياندۇرۇپ ئاپىرىپ بەرگەي ، ــــ دېدى . ئەلقەمە بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرىنى سورىغانىدى ، بىلقىس بىر مەككار مەزلۇمنى تېپىپ ئۇنىڭغا گەپ ئۆگىتىپ ، ئەبۇلئەلى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىش مەسلىھەتىنى بەردى . ئۇلار شۇنداق قىلدى ، بۇ مەككار خوتۇن دەل ئەبۇلئەلى ئەمچىكىنى چىشلەپ ئۆلتۈرگەن خوتۇن ئىدى .

شۇنداق قىلىپ باللار توققۇز كۈنگىچە ئەمگىلى ئۇنىماي ئۆزلىرىنىڭ بارمىقىنى ئەمدى . ئونىنچى كۈنى يەنە بىر مەزلۇم سالام قىلىپ كىرىپ :

ــــ مەن بولسام بىر تۇل خوتۇن ئىدىم ، چۈشۈمگە : «سەن بېرىپ نۇشىرۋاننىڭ بېقىۋالغان ئوغۇللىرىنى بېقىپ بەرگىن» دەپ ئىشارەت بولدى . شۇڭا كەلدىم ، ــــ دېدى . بۇ مەزلۇم ئېمىتكەنىدى ، ئۇنى باللارنىڭ ھەممىسى ئېمىپ بولۇپ ئۇيقىغا كەتتى . خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ، باللارنى مەككە رەئىسىگە تاپشۇرۇپ ، ئۆزى نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا قايتماقچى بولدى . باللارنى ئېمىتىپ باققۇچى مەزلۇمنىڭ ئېتى ئادىيە بانۇ ئىدى ، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ :

ــــ بۇ باللارنىڭ ئىچىدىن ئەمرىنى باقماق بەك قىيىندۇر . ھەر ئىش كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ . ئېھتىيات قىلغىن ، ــــ دەپ تاپىلاپ قويۇپ ئاندىن مەدايىنغا راۋان بولدى .

ئادىيە بانۇ كېچە ـ كۈندۈز بۇ باللارنى ئېھتىيات بىلەن ئاسرىدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ بۇرۇن خوجا ئەمرىگە ئىككى چىش چىقتى ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ تارتىپ قوياتتى . بىر كۈنى ئادىيە بانۇ خوجا ئەمرىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ بۆشۈككە يۆلىنىپ كۆزى ئۇيقىغا بارغانىدى . ئانىسىنىڭ ئىككى تال تۈگمىسىنى ئىككى چىشىدا چىشلەپ ئۈزۈپ ئېلىپ ، پاستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى . بۇ تۈگمە ئادىيە بانۇغا ئانىسىدىن قالغان بولۇپ بىباھا بۇيۇم ئىدى . ئادىيە بانۇ ئورنىدىن تۇرغانىدى ، مەيدىسى ئېچىلىپ قالدى . قارىسا ، ئىككى تال تۈگمىسى يوق . بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، بۇ تۈگمىلىرىم ھازىرلار بار ئىدى . بىردەمدىلا نەگە غايىب بولۇپ كەتكەندۇر ، ئېھتىمال بۇ ئىشنى ئەمرى قىلدى بولغاي ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ باقاي ، دەپ ئويلاپ ئۇنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ :

ــــ ئىھ قوزام ، تۈگمىلىرىمنى كۆردىڭىزمۇ ؟ ــــ دېيىشىگىلا ، بىر يىغلاپلا كۆكىرىپ «ئۆلۈپ» قالدى . ئادىيە بانۇ قورقۇپ كىشى چاقىردى . كىرگەنلەر قاراپ باقسا ئۇنىڭ تومۇرلىرى توختاپتۇ . ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلۈپتۇ ، دېدى . ئۈچ كۈن مۇشۇنداق ياتتى . ئۇلار ئاخىرى ئەھۋالنى مەككە رەئىسىگە مەلۇم قىلدى . ئۇ كېلىپ قارىسا ئەمرى ئۆلۈپتۇ . خوجا جەمھۇر نۇشىرۋاننىڭ يېنىغا مېڭىش ئالدىدا ئەمرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى مەككە رەئىسىگە دەپ قويۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ئۇ ئەمرىنى كۆرۈپ كۈلدى . ئاندىن قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ :

— ئاناڭنى يىغلاتمىغىن، — دەپ ئادىيە بانۇغا بەردى. ئانىسى:

— ئېھ ئوغلۇم، مېنىڭ تۇگمەمنى سىز ئالمىدىڭىز، مەن چاقچاق قىلىپ قويدۇم. كۆزدىكىزنى ئېچىڭ، ئەگەر مەن قورقۇپ ئۆلۈۋالسام سىزنى ئېمىتىدىغان ئادەم يوق، — دېگەندى، ئۇ شۇئان كۆزىنى ئاچتى. ئادىيە بانۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئەمرىنىڭ قەستىگە چۈشتى. چۈش ۋاقتى ئىدى، ئۇنى ئېمىتىپ بولۇپ بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىپ ماراپ ئولتۇرغاندى، ئەمرى بېشىنى كۆتۈرۈپ قولىنى بۆشۈكتىن تارتىپ چىقىرىپ ياستۇق ئاستىدىن تۇگمىلەرنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئانىسى ھەيران بولۇپ تۇگمىلىرىنى تېرىۋالدى.

خوجا ئەمرى ئۇخلاپ قالسا، ئەبۇلئەلى بىلەن مەقبىل يىغلىماي ياتاتتى، ئەگەر ئەمرى ئويغاق بولسا، ئۇ ئىككىسى يىغلاپ ھەرگىز ياتالمايتتى. ئادىيە بانۇ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئەبۇلئەلى بىلەن مەقبىلنى بىر تەرەپتە، ئەمرىنى يالغۇز بىر تەرەپتە قويۇپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتقانىدى، ئەمرى بۆشۈكتىن قولىنى ئاستا سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ يۈزىنى تاتىلاپ يىغلىتىۋېتىپ ئاندىن قولىنى بۆشۈككە تىقىپ يېتىۋالدى. ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ بالىلارنى تۆت ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بەردى.

## خوجا ئەمرىنىڭ قىلمىشلىرى

رىۋايەتچىلەر ئانداغ رىۋايەت قىلىدۇكى، نۇشىرۋاننىڭ بېقىۋالغان بۇ ئۈچ ئوغلى ئۈچ خىل مىجەزدە ئىدى، بۇلاردىن ئەمرىنىڭ قىلىقلىرى تولىمۇ غەيرىي ئىدى. بۇلار تۆت ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئەبۇلئەلى بىلەن خوجا مەقبىل ۋاپادار مەكتەپتىن ئايرىلماي ساۋاقلىرىنى ياخشى ئۆگەندى. خوجا ئەمرى بولسا گاھى كېلىپ، گاھى كەلمەي، كەلگەن كۈنلىرىمۇ ئۆگەنمەي ئويۇن بىلەن مەشغۇل بولاتتى. مولىسى بۇنىڭدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ ئاخىرى تاقەت قىلالماي ئۇردى. خوجا ئەمرى شۇ يەردىلا «خەپ سېنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام» دەپ كۆڭلىدە ئەھدى قىلدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ مولىسىنىڭ قەستىگە چۈشتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى مولىسىنىڭ خوتۇنى كىر يۇيۇپ، مەكتەپ بالىلىرى قۇشناچىغا سۇ توشۇپ بېرىۋاتاتتى. كۆپ يېرىم بولغاندا خوجا ئەمرى مولىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ۋاي موللام! . . . قۇشناچىمنىڭ ئاشنىسى بار ئىكەن. مەن كۆرۈپ قالغانىدىم، ئۇ ئادەم قېچىپ بېرىپ كۈپكە كىرىۋالدى، — دېدى.

موللا بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ بىتاقەت بولۇپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كەلدى. سۇ قاچىلايدىغان كۈپ تاشقىرى ئۆيدە ئىدى. كەلگەن پېتى كۈپكە قاراپ ئۆز ئەكسىنى كۆردى ـ دە، ئۆز ئەكسىگە قەھرى كېلىپ ئىككى قولىنى ۋە بېلىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىنى كۈپنىڭ ئىچىگە تىقىپ سۇنى ئاختۇرغىلى تۇرغانىدى، خوجا ئەمرى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ موللىنى پۇتىدىن كۆتۈرۈپلا كۈپكە ئىتتىرىۋەتتى. موللا كۈپكە تىقىلىپ سۇغا بۇرۇختۇم بولۇپ ئۆلدى. خوجا ئەمرى موللىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ:

— ۋاي قۇشناچىم! . . . موللامنىڭ پۇتى كۈپتە ساڭگىلاغلىق تۇرىدى، — دەپ توۋلىدى. بۇ مەزلۇم چىقىپ كۆرسە موللامنىڭ جېنى چىقىپ بوپتۇ. بىچارە خوتۇن ئېرىنى كۈپتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن پۇتلىرىدىن تارتىپ تۇرغانىدى، بۇنى كۆرۈپ ئەمرى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ۋاي جامائەت! . . . قۇشناچىم موللامنى كۈپكە تىقىۋەتتى، — دەپ توۋلىغىلى تۇردى. قۇشناچىم موللامنى ئەمرىنىڭ ئۆلتۈرگەنلى-

كىنى بىلدى . بىچارە مەزلۇم ناھەقتىن قاتىل دېگەن نامغا قېلىشتىن قورقۇپ :

ــــ ۋاي جېنىم ئوغلۇم ، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىپ بەرسەم ، مېنى رەسۋا قىلمىسىڭىز ، ــــ دەپ يالۋۇرغاندى ، خوجائەمرى ئاران جىم بولدى . شۇنداق قىلىپ قوشناچىم ئەمردىن ئاران قۇتۇلۇپ ئېرىنى ئۆزى كۆمۈۋالدى .

ئەلقىسسە ، موللام ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ئۈچ بالىنى يەنە بىر موللامنىڭ قېشىغا ئاپاردى . بۇ بالىلار مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئەبۇلئەلى بىلەن مەقبىل دەرسنى شۇنداق ياخشى ئۆگەندىكى ، ھەممە ساۋاقداشلىرىدىن ئىلگىرى تۇردى . ئەمما خوجا ئەمرى زادىلا ئۆگەنمىدى . گەپ قىلسا ئاڭلىمىدى . ئۇ ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيتتى . بۇنىڭ ناچارلىقىغا موللىسى چىداپ تۇرالماي ، بۇنىڭغا ئەدەپ بېرىپ قويمىسام ، ئويناپ ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ كاردىن چىقىرىدىكەن ، دەپ ئويلاپ ئىككى تاياق ئۇردى .

خوجا ئەمرى ناھايىتى ئىزار تارتىپ تۇۋلاپ كەتتى ۋە شۇيەرنىڭ ئۆزىدىلا كۆڭلىدە : خەپ موللا ، سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن ، دەپ ئەھدى قىلدى ـ دە ، بىر كۈنى بازارغا كىرىپ ئەتتارلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىڭنە ئالىمەن دەپ گولداپ بىرمۇنچە يىڭنىلەرنى ئوغرىلاپ مەكتەپكە ئېلىپ كېلىپ ، موللا ئولتۇرىدىغان يەرگە قولىقىنى تۆۋەن ، ئۇچىنى ئۈستۈن قىلىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە موللىنىڭ جايىنامىزىنى سېلىپ قويدى . ئۆزى ئەتىگەندە ئەبۇلئەلى بىلەن مەقبىلنى ئېلىپ مەكتەپكە كەلدى . ئۇ ئىككىسىگە :

ــــ موللام ئولتۇرىدىغان يەرگە ھەرگىز دەسسەپ سالماڭلار ، ــــ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغاندى ، موللا كىرىپ كەلدى ـ دە ، كېلىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپلا : «ۋاي !» دەپ ئۇ يېنىغا يىقىلدى ، يېنىغا يىڭنە كىردى . بۇيانغا يىقىلدى ، يىڭنە كىردى . موللام پايلىماي يۇمىلانغاندى ، يىڭنىلەر بەدەنلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە كىرىپ ، يۇمىلىغانسېرى يىڭنىلەر تەنگە تىقىلىپ گۆش ئىچىگە غايىب بولدى . شۇ چاغدا خوجا ئەمرى موللىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى . موللىنىڭ خوتۇنى موللىنىڭ بىچارە ھالىنى ۋە چىدىغۇسىز نالە ـ زارىنى كۆرۈپ :

ــــ ۋاي موللام ، نېمە بولدىلا ؟ چاپسان ئېيتىپ بەرسىلە ، ــــ دەپ سەۋەبىنى سورىدى ، موللام جاۋاب بېرىپ :

ــــ نېمە بولغىنىمنى بىلەلمىدىم ، دەرھال ياڭاچلىغىن ، ــــ دېدى .

قوشناچىم موللىنى ياڭاچلىغاندى ، تامام بەدەنلىرىدىن يىڭنىنىڭ قولىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ :

ــــ ۋاي موللام ، قورقمىسىلا ، بەدەنلىرىگە يىڭنە قولىقى چىقىپ قاپتۇ ، ــــ دېدى قوشناچىم .

ــــ نېمە دېدىڭلار خوتۇن ؟ ــــ دېدى موللام ، ــــ مېنىڭ بىلىشىمچە ئادەمگە چېچەك ، قىزىل ، سوغان ، قىچىشقاق چىقاتتى ، بۇ كەمگىچە ئادەم بەدىنىگە يىڭنە قولىقى چىقىدۇ دەپ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن . بۇنىڭ ئىلاجىنى قانداق قىلارمىز ؟

خوجائەمرى مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغاندى ، شۇئان :

ــــ ۋاي موللام ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلماق ئاساندۇر ، موچىن بىلەن يولۇۋەتسىلا ئاغرىق تۈگەيدۇ ، ــــ دەپ ئىككى موچىننى چىقىرىپ بىرسىنى ئۆزى تۇتتى ، بىرسىنى قوشناچىمغا بەردى . ئىككىسى يىڭنىنى ئالىمىز دەپ موللىنىڭ گۆشلىرىنى موچىن بىلەن قىسىپ ئۈزۈپ بەدەنلىرىنى زىبدە قىلىۋەتتى . ئۇ جاراھەتلەر ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا سېسىپ ، بىچارە موللا ئازاب بىلەن ئۆلدى . موللىنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشنى خوجائەمرىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ مەككە رەئىسىگە ئەرز قىلدى . رەئىس قوشناچىمغا :

ــــ بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس ، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ پەرزەنتى ، ــــ دەپ ئۇنىڭغا ئۆلگىچە يەتكۈدەك ئالتۇن ـ تىللا بېرىپ رازى قىلدى . ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى موللامغا ئاپىرىپ بەردى .

خوجا ئەمرى مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ ئەبۇلئەلى بىلەن مەقبىل ياخشى ئۆگەندى . خوجا ئەمرى بولسا ، ئويۇندىن باشقا ئىش قىلمايتتى .

مۇللام ياخشى سۆز قىلىپ باقتى ، نەسىھەت قى-
لىپ باقتى ، قاتتىق گەپ قىلىپ باقتى . خوجا-
ئەمرى نەدە يامان ئىش بولسا شۇنى قىلدى . ئاخى-
رى گەپ ئاڭلىتالماي مۇللام ئۇنى ئىككى تاياق
ئۇرغانىدى ، خوجائەمرى كۆڭلىدە بۇ مۇللامنىمۇ
ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام ، دەپ ئەھدى قىلدى .
مۇشۇنداق بىرقانچە كۈنلەر ئۆتتى . مەكتەپتە
ئوقۇغۇچىلار ھەركۈنى نۆۋەت بىلەن قۇدۇقتىن
سۇ تارتىپ ، مۇللامنىڭ سۇ كۈپىنى توشقۇزاتتى .
بىر كۈنى نۆۋەت يەنە بىرقانچە باللار بىلەن قو-
شۇلۇپ خوجائەمرىگە كەلدى . خوجائەمرى سۇغى-
نىڭ بېغىنى بوش قىلىپ قويۇپ سۇ تارتقانىدى ،
سۇغا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى . خوجائەمرى شۇئان
مۇللىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ :
— ۋاي مۇللام ، سۇغا قۇدۇققا چۈشۈپ
كەتتى ، — دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى . مۇللا
يۈگۈرۈپ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ئىگىنلىرىنى
سېلىپ تاشلىۋېتىپ يالىڭاچ بولۇپ قۇدۇققا چۈش-
تى . ئارغامچىنى سۇغىغا باغلاپ ، ئۆزى سۇغىنىڭ
ئىچىدە ئولتۇرۇپ ، باللارغا «ئارغامچىنى تار-
تىڭلار» دەپ توۋلىدى . خوجا ئەمرى باللارغا :
— ھەممىڭلار مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭلار ،
ئارغامچىنى كۈچەپ تارتىڭلار ، مەن «ھاي —
ھاي !» دەپ بىرچاۋاك ئۇرىمەن ، سىلەرمۇ ئۇلا-
گىر — كېيىن بولماستىن تەڭلا چاۋاك ئۇرۇۋىسى-
لەر ، بۇ بولسا بىر قائىدەدۇر ، ھەرگىز بۇز-
ماڭلار ، — دېدى . باللار قوبۇل قىلدى . شۇن-
داق قىلىپ ، ئارغامچىنى تارتىپ مۇللام قۇدۇق-
نىڭ تەك — يېرىمىغا كەلگەندە خوجائەمرى «ھاي
— ھاي» دەپ بىر چاۋاك ئۇرغانىدى ، باللارنىڭ
ھەممىسى ئارغامچىنى قويۇپ بېرىپ چاۋاك ئۇر-
دى . مۇللا قۇدۇقنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ بېشى پات-
قاققا پېتىپ جېنى چىقتى . بۇ خەۋەر مۇللامنىڭ
خوتۇنىغا يەتتى . قوشناچىم مەككە رەئىسىنىڭ
قېشىغا باردى . مەككە رەئىسى قوشناچىمغا ئۆزرە
ئېيتىپ :
— بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس ، نۇشىرۋان ئا-
دىلىنىڭدۇر ، مەن ئۇنىڭ قول ئاستىدادۇرمەن ،
— دەپ نۇرغۇن ئالتۇن — تىللا بېرىپ رازى
قىلىپ ياندۇردى .

ئەبۇلئەلى بىلەن خوجامەقبىل ساۋاد چىقىپ
بولدى . ئەمما خوجائەمرى بولسا تېخىچە ساۋاتسىز
ئىدى . بۇ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش مەككە رە-
ئىسىگە تاپشۇرۇلغان بولغاچقا ، مەككە رەئىسى بۇ
باللاردىن كۆپ ئەنسىرەپ تۆتىنچى مۇللامغا بەر-
دى . بۇ مۇللا باللارنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن
ئوقۇتاتتى . ئەمما خوجائەمرىنى مەكتەپتە تاپالمى-
دى . ئويناپ زىنھار ئوقۇغىلى ئۇنىمىدى . ئاخى-
رى بىر كۈنى ئۇنى تېپىپ پالاقتا بېسىپ راسا
سوققانىدى ، ئەمدى ئاغرىقلىرىغا چىدىيالماي ، بۇ
مۇللىنىڭمۇ قەستىگە چۈشتى .
بىر كۈنى مەكتەپتىن ئازاد بولۇپ خوجائەم-
رى ئەبۇلئەلى ، مەقبىل باشلىق ھەممە مەكتەپ
باللىرىنى بىر ئۆيگە سولاپ ئىشىكنى تاقىدى .
ئاندىن قولىغا بىر تال چىۋىقنى ئېلىپ :
— ئېھ باللار ، مېنىڭ بىر سۆزۈم بار ،
قوبۇل قىلغايسىزلار ، ئەگەر قوبۇل قىلمىسىڭىز-
لار ھەممىڭلارنى مۇشۇ تاياق بىلەن ساۋاپ ئۆل-
گەن مۇللىنىڭ كۈنىنى كۆرسىتىمەن ، — دې-
دى .
باللار قورقۇپ ھەممىسى قوبۇل قىلدى ،
ئۇنىڭ پەيلىدىن ھەممە باللار قورقاتتى .
— ئۇنداق بولسا ، — دېدى خوجائەمرى ،
— ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىپ مۇللامغا سالام
قىلىپ بولۇپ : «مۇللام چىرايلىرى سارغىيىپ
كېتىپتۇ» دېيىسىزلەر ، مۇشۇنىلا دەپ بەرسەڭلا
كۇپايە ، ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ ، — دەپ با-
للارنى قويۇپ بەردى . باللارمۇ ئاسانلا قۇتۇلغى-
نىغا خۇش بولۇپ تارقاشتى .
— ئەتىسى مۇللا باللاردىن بۇرۇن كېلىپ
مەكتەپتە ئولتۇرغانىدى ، بىر بالا كىرىپ :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇللام ، چىرايلى-
رى سارغىرىپ كېتىپتۇ ، — دېدى . مۇللىنىڭ
سەل ئاچچىغى كەلدى . ئارقىدىن يەنە بىر بالا
كىرىپ سالامدىن كېيىن ئۇمۇ : «چىرايلىرى
سارغىرىپ كېتىپتۇ» دېدى . ئەللىك ئاتمىش با-
لىنىڭ ھەممىسى بىر قېتىمدىن : «چىرايلىرى
سارغىرىپ كېتىپتۇ» دېگەندىن كېيىن مۇللا

كۆڭلىدە مۇنچە پاك بالىلار يالغان ئېيتماس ، مەن
نېمە بولغاندىمەن ، قېنى ئۇشىرۋاننىڭ ئۈچ ئوغلى
كەلگەندە ئۇلارمۇ كىرىپ شۇنداق دېسە ، راست۔
تىنلا ماڭا بىر ئېغىر كېسەل تېگىپتۇ ، دەپ قات۔
تىق ۋەھىمىگە چۈشتى . موللام ئۆزىگە پال سې۔
لىپ ئولتۇرغانىدى ، كۈتكەن ئۈچ ئوغۇل ئىشىك
ئالدىغا كەلدى . خوجائەمرى ئالدىدا كىرىپ :

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم موللام ، چىرايلى۔
رى سارغىرىپ كېتىپتۇ ، ــــ دېگەنىدى ، شۇ
زامان موللىنىڭ چىرايلىرى سارغىرىپ كەتتى .
ئارقىدىن مەقبىل كىرىپ ئۇمۇ شۇنداق دېدى .
ئاندىن كېيىن ئەبۇلئەلى كىرىپ ئۇمۇ شۇنداق
دېدى .

موللا شۇئان قورقۇپ چىرايلىرى سارغىرىپ
ئاھ دېسە ، ئاھ ، دەپ مەكتەپتىن يېنىپ چىقتى .
خوجائەمرى موللىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەل۔
دى . خوتۇنى موللىنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ :

ــــۋاي ئىست ، چىرايىڭىز سارغىرىپ
كېتىپتۇ ، نېمە بولدىڭىز ؟ ــــ دېدى . موللا :

ــــ ئىچىمدە كېسىلىم يوق ، ئەمما چىراي۔
لىرىم مۇشۇنداق سارغىرىپ كېتىپتۇ ، ھېچ بى ـ
لەلمىدىم ، ــــ دەپ جاۋاب بەردى . خوجائەمرى
بولسا ، تېۋىپ چاقىرىمەن دەپ ئەتىگەندە يۈگۈرۈپ چى۔
قىپ كەتكەنچە كەچ بولغاندا قايتىپ كېلىپ :

ــــ ۋاي موللام ، تېۋىپ تاپالمىدىم ، كەچ۔
كىچە ساقلاپ تۇرۇپ كەچ بولغاندا تېۋىپ كېلىۋې۔
دى ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلسام ، ئەسلا قوبۇل قىلمى۔
دى . قاتتىق تۇرۇۋالسام ، موللىنىڭ ئاغرىقى قە۔
يەردە دەپ سورىدى . مەن ئۇنىڭغا : «موللامنىڭ
باشقا ئاغرىقى يوق ، ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ
كەتتى» دېسەم ، تېۋىپ كىتاب كۆرۈپ بېقىپ :
«بىر قوينىڭ كاللىسىنى پىشۇرۇپ ، سۆڭىكىنى
گۆشىدىن ئايرىپ ، مېڭىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئوت۔
تۇرا قول ئاران پاتقۇدەك تۆشۈك تېشىپ ، قول۔
نىڭ ئۇچىنى ئاشۇ تۆشۈكتىن تىقىپ مېڭىگە يەت۔
كۈزۈپ مېڭە تۈگىگىچە يالىسۇن ، مېڭىنىڭ تۈ۔
گۈشى بىلەن چىرايدىكى سېرىقلىق تۈگەيدۇ»
دېدى ، ــــ دېدى . موللا :

ــــ ئېھ خوجائەمرى ، كاللاپەزدىن بىر كال۔
لا كەلتۈرۈڭ ۋە ئۇنى ماڭا تېشىپ بېرىڭ ، ــــ
دېدى .

خوجائەمرى كاللاپەزنىڭ قېشىدىن بىر كال۔
لىنى ئېلىپ كېلىپ گۆشىنى تازىلىۋېتىپ ، مې۔
ڭىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن قول ئاران پاتقۇدەك قىلىپ
تېشىپ بەردى . موللا بارمىقىنى تۆشۈكتىن تىققا۔
نىدى ، مېڭىگە يەتمىدى ، كۈچەپ تۇرۇپ بىر تىققا۔
نىدى ، موللىنىڭ بارمىقى كاللىنىڭ تۆشۈكىدىن
كىردى . ئەمما تارتىپ ئالالمىدى . خوجائەمرى
موللامنىڭ قولنى كەسمىگۈچە تۆشۈكتىن چىقى۔
رىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ
مەككە رەئىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

ــــ بىزنىڭ موللام ئاغرىپ قالدى . ئۇ :
مەن پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئوقۇتۇۋاتسام ، رە۔
ئىس ئۆزى كەلمىسىمۇ ، بىرەر ئادەم ئەۋەتىپ
يوقلاپ قويمىدى ، دەپ رەنجىۋاتىدۇ ، ــــ دېدى .
مەككە رەئىسى بۇنى ئاڭلاپ شەھەر ئۇلۇغلىرىدىن
بىر قانچىنى موللىنى يوقلىغىلى ئەۋەتتى . خوجا۔
ئەمرى يېنىپ كېلىپ :

• ــــ ۋاي موللام ، سىلىنى مەككىنىڭ ئۇ۔
لۇغلىرى يوقلىغىلى كەلدى ، ــــ دېدى .

ــــموللىنىڭ قولىدا كاللا بار ئىدى .

ــــقولۇمدىكى كاللىنى قانداق قىلىمەن ؟ ــــ
دەپ خوجائەمرىدىن سورىغانىدى ، خوجائەمرى :

ــــ كاللىنى يوتقانغا تىقىۋالسىلا ، ــــ
دېدى . موللا ئەمدىلا كاللىنى يوتقانغا تىقىپ تۇ۔
رۇشىغا مېھمانلار كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئولتۇرۇپ
موللىدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى ، لېكىن پاتېھە ئوقۇشنى
ئۇنتۇپ قالدى . خوجائەمرى قوپۇپ :

ــــ ئېھ ئۇلۇغلىرىم ، كېسەل يوقلىغۇچىلا۔
رنىڭ پاتېھە ئوقۇشى زۆرۈردۇر . پاتېھە ئوقۇپ
بېرىشسىلە ئىكەن ، ــــ دېگەنىدى ، كەلگەن مېھ۔
مانلار خىجىل بولۇپ پاتېھەگە قول ئاچتى . لې۔
كىن موللا قولىنى چىقارماي ئولتۇردى ، خوجا۔
ئەمرى :

ــــ ئېھ موللام ، ھەممەيلەن سىزنىڭ شىپا۔
لىقىڭىز ئۈچۈن پاتېھە ئوقۇۋاتسا ، سىز جىم ئولتۇرام۔
سىز ؟ سىزمۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈڭ ، ــــ دېدى . موللا
بىر قولىنى «ئامىن» دەپ كۆتۈردى . خوجائەم۔

ري :

— ئېھ موللام ، ئىككى قولدا ئامىن دەيدىغان ، — دېدى . موللا قولىنى چىقىرالماي توختاپ قالدى . كەلگەن مېھمانلار :

— ئېھ موللام ، ئىككى قولىڭىزدا ئامىن دەڭ ، — دېگەندى ، موللا بىچارىگە ئىزايى ھارام ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كەلدى ـ دە ، قولىنى يوتقاندىن چىقىرىپ كاللا بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرغاندى ، بېشى يېرىلىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلدى .

كەلگەن مېھمانلار بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ ، يېنىپ بېرىپ كۆرگەنلىرىنى مەككە رەئىسىگە بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . رەئىس موللىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېرىپ رازى قىلدى . مەككە رەئىسى كۆڭلىدە بۇ بالىلارنى شۇنچە موللامدا ئوقۇتتۇم ، بۇلار مەكتەپتىن ھېچ بەھرى ئالالمىدى . بەلكى ھەممە موللىلىرىنىڭ جېنىنى ئالدى . ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك ، دەپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغاندى ، «بەسىر ۋىلايىتىدىن كەلدىم» دەپ بىر موللام كىرىپ كەلدى . مەككە رەئىسى :

— ئېھ موللا ، مېنىڭ ئۈچ پەرزەنتىم بار ، ئوقۇتۇپ بەرگىن ، مەن سېنى رازى قىلاي ، — دېدى ، موللا قوبۇل قىلدى . ئاندىن موللىنى ئۆز سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بالىلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى .

مەككە رەئىسى موللامنى ئىچكىرىكى سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆزى تاشقىرىدىكى سارايدا ئولتۇردى . مۇشۇنداق بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن خوجائەمرى تالاغا چىقالماي قانداق قىلسام چىقىپ ئوينىغىلى بولار ، دەپ ئىچكىرى قازناققا كىرىپ تامنى تېشىپ تۆگىخانىغا چىقتى ـ دە ، تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى چىرايلىق ئېتىپ قويۇپ ئەتىسى موللام ساۋاق بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا تۆشۈكتىن تالاغا چىقىپ ئويناپ چۈش ۋاقتىدا پەيدا بولدى . ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندە موللام خوجائەمرنى تاپالمىدى . بار ۋاقتىدا ئەبۇلئەلى بىلەن خوجامەقبىلنى ئويۇنغا تۇتۇپ زادىلا ئوقۇغىلى قويمىدى .

بىر كۈنى ئەبۇلئەلى خەت پۈتۈپ ، مەقبىل ئوقۇپ ئولتۇرغاندى ، خوجائەمرى بىر تال ياغاچنى ئات ياساپ ئوينىغىلى تۇردى . موللا بۇنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ بىر تاياق ئۇرغاندى ، تاياقنىڭ ئۇچى خوجائەمرىدىن ئۆتۈپ ئەبۇلئەلىگە تەگدى . ئۇ ياتاقنىڭ زەربىدىن تولغىنىپ كەتتى ، خوجائەمرى موللىنى ئۆلتۈرۈش خىيالىدا ئىدى ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ :

— ئېھ ئەبۇلئەلى ، سەن نېمىدېگەن بىغەيرەت . مەن تۆت موللىنى ئۆلتۈرۈپ بولدۇم . ئۇيۇننى مەن ئوينىغان تۇرسام ، سېنى بىگۇناھ ئۇردى ؛ سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسام قولىدىكى تاختا بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇراتتىم ، — دېگەندى ، ئەبۇلئەلى شۇئان بېرىپ تاختىنىڭ قىرى بىلەن موللىنىڭ بېشىغا ئانداغ ئۇردىكى ، موللىنىڭ بېشى پارە ـ پارە بولدى . بۇ چاغدا خوجائەمرى دېدىكى :

— سەن ئەمدى ئادەم ئۆلتۈردۈڭ ، ئاتاڭ ئەمدى بىزنى سولىۋېلىپ سىرتقا چىققىلى قويمايدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە بىز بېقىۋالغان ئاتىمىز نۇشىرۋان ئادىلنىڭ يېنىغا بارساق ، ياخشى ئاتقا مىنىپ ، ياخشى لىباسلار كىيىپ ، شېرىن تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنىپ ، خالىغاندا شىكارغا چىقىپ ئاھۇلارنى ئوۋلاپ كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز ، شۇڭا بۇ يەردىن قاچايلى ، — دېدى . بۇ گەپ ئۇلارغا ياقتى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچەيلەن مەككە شەھىرىدىن قېچىپ چىقىپ نۇشىرۋاننى ئىزدەپ كەتتى .

بۇلار شۇ ماڭغانچە نۇرغۇن جەبرى ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، بىر كۈنى نامازشام ۋاقتى بىلەن نۇشىرۋاننىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ خوجائابۇزەر جەمھۇر ھاكىمىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى . خوجىنىڭ قۇللىرى ئۇلارنى كۆرۈپ :

— ئۆيگە مۇساپىرلار كېلىپتۇ ، بىر كېچە قونۇۋالساق ـ دەيدۇ ، — دەپ مەلۇم قىلدى . خوجا ئۇلارنى مېھمانخانىغا بۇيرۇپ ، ئۆزى ئارقىدىن كىرىپ كەلدى . بۇ يىگىتلەرنى كۆرۈپ تونۇپ ، ئاش ـ تائام بېرىپ بولۇپ :

— ئېھ پەرزەنتلىرىم ، ۋاقتىسىز كېلىپسىزلەر ، سىزلەرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىڭىزلارغا

بارئىدى . شۇ چاغدا كېلىپ مۇشكىلنى ھەل قىلسىڭىزلار ئوبدان بولاتتى ، بەختەك دېگەن دۈشمەن بەك زېرەك ، ئۇ بىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن ، — دېگەنىدى ، بۇ سۆز ئەبۇلئەلگە يامان ئىشتىلدى ۋە خوجائەمرىگە قاراپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى . بۇنى كۆرۈپ خوجائابۇزەرجەمھۇر قىلغان سۆزلىرىگە كۆپ پۇشايمان قىلدى . ئەمما پۇشايمان پايدا بەرمىدى . خىزمەتچىلەر ئۇلارغا دەرھال ياستۇق كەلتۈرۈپ ئورۇن سېلىپ بەردى . ئەبۇلئەلى خوجا ئەمرىگە تەنە قىلىپ :

— راھەت كۆرۈمىز دەپ باشلاپ كەلدىڭ ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن كەلسەك ، بىزگە قوپال مۇئامىلە قىلدى . ئەمدى بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەت . يۇرتىمىزغا يانىمىز ، — دەپ تۇرۇۋالدى . خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىم بولسا ، بۇ باللارنىڭ پەيلىنى بىلىپ ، قېچىپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى توسۇپ كىچىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇۋالدى . بۇنى كۆرۈپ باللار ئامالسىز قالدى . بۇچاغدا ، خوجائەمرى يول كۆرسىتىپ :

— ئۇچىمىز ئۇنلۇك ئوسۇرايلى ، شۇنداق قىلساق ئۇ خىجىل بولۇپ نېرى كېتىدۇ . ئاندىن قاچالايمىز ، — دېدى ۋە ئۆزى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوسۇرغىلى تۇردى . خوجا جەمھۇر كۆڭلىدە : بۇ باللار مەندىن خىجىل بولۇپ قالمىسۇن ، دەپ ئايۋانغا چىقىپ كەتتى . باللار شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ كەلگەن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى .

## نۇشىرۋان پەرزەنتلىرىنىڭ يەمەنگە سەپەر قىلىشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇ ئۈچ بالا شەھەردىن چىقىپ نۇرغۇن مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئاخىرى كۇفى شەھىرىگە كەلدى . كۆردىكى ، تامام شەھەر خەلقى شەھەردىن چىقىپ بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرۇپتۇ . بۇلار توپلاشقان جامائەتنى كۆرۈپ يېقىن بارغانىدى ، ئوتتۇرىنى مەيدان قىلىپ ئادەملەر تۆت ئەتراپنى قورشاپ تۇرۇپتۇ . مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشى گۇمبەزدەك ، ئاغزى غاردەك ، بىلەكلىرى چىنارنىڭ شاخلىرىدەك ھەيۋەتلىك بىر ئادەم سەندەلنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ .

ئۇڭ تەرىپىدە تۆت يۈز ، سول تەرىپىدە تۆت يۈز كىشى بىردىن كۈرەشكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەبۇلئەلى بۇنى كۆرۈپ كىشىلەردىن نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى سورىغانىدى ، ئۇلار جاۋاب بېرىپ :

— بۇلار ئىراندىن كەپتۇ . بۇ پەھلىۋاننىڭ ئىسمىنى سەئىد قىلىچۋاز دەيدۇ . بۇلار شەھەرمۇ شەھەر بېرىپ كىشىلەرنى ئۆز باتۇرلۇقى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ ، خەلقلەردىن ئىنئام ـ ئېھسان ئېلىپ ياشايدىغانلاردىن ئىكەن ، — دېدى . بۇ باللار ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ، تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئېگىز بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇردى . بىر سائەت ئۆتكەنىدى ، دۇمباق چېلىندى ، ئوڭ قول تەرەپتىكىلەردىن بىرى ، چەت قول تەرەپتىكىلەردىن بىرى بولۇپ ئىككى كىشى مەيدانغا چۈشۈپ چېلىشتى . ئوڭ قول تەرەپتىن كەلگەن كىشى چەپ قول تەرەپتىن كەلگەن كىشىنى يەڭدى . مۇشۇ تەرىقە بىلەن شاگىرتلىرى ئۆزئارا تۇتۇشۇپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر كىشى تاللىنىپ چىقىپ ، ئۇ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا باردى .

سەئىد قىلىچۋاز كېلىپ ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا ئاتقانىدى ، بىر ئارغامچا بويى ئۆرلىدى ، ئۇ قورقۇپ :

— ۋاي ئۇستازىم ، خاتا قىلدىم ، رەھىم قىلىڭ ، باللىرىم يېتىم قالمىسۇن ، — دەپ يالۋارغىلى تۇردى . سەئىد قىلىچۋاز ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يەردە قويدى . بۇ چاغدا سەئىد :

— ئېھ شاگىرتلىرىم ، مېنىڭ ھۈنەرلىرىمنى كەلتۈرۈڭلار ، — دېدى . شاگىرتلار دەرھال ئىككى ھارۋىنى ئىككى پىلغا سۆرىتىپ

ئېلىپ كەلدى. ئۇ هارۋىلارغا قارا بەخمەلدە يوپۇق سېلىقلىق، چۆرىسىگە جاۋاھىر تىزىقلىق ئىدى. هارۋىنى ئاچقاندى، ئىككى ئوقيا چىقتى. ئۇنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى بەش يۈز پاتماندى. سەئىد بۇ ئىككى يانى جۈپلەپ تۇتۇپ كىرىچىنى شۇنداق تارتقاندى، يانىڭ ئىككى بېشى بىر يەرگە كەلدى. سەئىد يالارنى هارۋىدا قويدى. بۇ چاغدا شاگىرتلار يەنە ئىككى هارۋىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدىن تۈگمەن تېشىدەك ئىككى تاشنى ئېلىپ ئىككى قولىدا ئاسمانغا ئېتىپ ئوينىدى. ئۇ بۇ ئىككى تاشنى يىگىرمە تۆت قېتىم ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالدى. بۇنى كۆرۈپ ئەبۇلئەلى ھەيران قالدى. ئاندىن كېيىن بىر ئۈينى كەلتۈردى. بۇ ئۈيگە شاراب بەرگەن بولۇپ، ھەر بىر تال تۈكىدىن كاسا-كاسا تەر ئېقىپ تۇراتتى. شارابنىڭ كۈچىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىسىغا ياغاچ بېكىتكەنىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىكى ياغاچنى ئېلىۋېتىپ سەئىد قىلىچۋاز تەرەپكە قويۇۋەتتى. بۇ ھايۋان مۈڭگۈزىدىكى تاقاقتىن ئايرىلغان بولغاچقا، مۈڭگۈزنى سەئىدنىڭ كۆكسىگە تىقىش ئۈچۈن بارغاندى، سەئىد ئۈينىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ جىم توختىتىپ، ئاتمىش قەدەم كەينىگە سۈرۈپ باردى. ئاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى يىغىپ تۇرۇپ ئۈينىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا بېشى بىلەن بېشىغا بىر ئۇسسىگەنىدى، ئۈينىڭ بېشى پارە-پارە بولۇپ كەتتى. ئەھلى ئالەم بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. سەئىد شاگىرتلىرىغا: «ئۈينىڭ تېرىسىنى سويۇڭلار» دېگەنىدى، دەرھال تېرىسىنى سويدى. ئاندىن تېرىنى يەرگە يېيىپ، ئۆمۈر بويى جاھان كېزىپ يۈرۈپ يىغقان يىگىرمە ئىككى پاتمان ئالتۇننى تېرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى ئۇ ئالتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ تۇۋلاپ:

— ئېھ خالايىق! . . . ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالتۇنغا مەيلى بولسا، ئايغىمىدىكى بۇ ئالتۇننى تارتىۋالسا بېرىمەن، — دېدى. شاگىرتلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

— بىز ئالساقمۇ بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدى. سەئىد:

— بېرىمەن، — دېدى. شاگىرتلىرى كېلىپ تېرىنى قاقتەك، قولاقتەك ئۆرۈپ ئالدى، ئەمما ئالتۇننى ئالالمىدى. سەئىد ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ:

— ھېلىقى سىلەر ئىكەنسىلەر، رۇستەم بولغان بولسىمۇ ئالالمايتى. ئەگەر رۇستەم، ئىسپەندىيار دېگەنلەر مۇشۇ مەيداندا بولغان بولسا، بىر شاپىلاقتىن قويغان بولاتتىم، — دېگەنىدى، ئەبۇلئەلى مەيدانغا چۈشۈپ سەئىدنىڭ ئالدىغا باردى. سەئىد ئەبۇلئەلى:

— سەن نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇلئەلى:

— ئالتۇننى ئالغىلى كەلدىم، — دەپ پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى يىغىپ سەئىدنىڭ پۇتى ئاستىدىكى ئالتۇننى بىر تارتىپلا يەتتە مېتىر يەرگە تاشلىۋەتتى. خوجائەمرى دەرھال بېرىپ ئالتۇننى كۆمۈۋالدى. بۇنى كۆرۈپ سەئىد ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئېھ يىگىت، پەھلىۋان ئىكەنسەن، سەن قىلغاننى رۇستەم، ئەفراسىياپمۇ قىلالمىغان بولار ئىدى، — دېدى. ئەبۇلئەلى جاۋابەن:

— سەن قىلغان ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىنى قىلالايمەن، — دېدى. سەئىد ئىككى يارنى ئېلىپ كەلگەنىدى، ئەبۇلئەلى كىرىچنى تۇتۇپ بىر كۆچىغانىدى، يا پارە-پارە بولۇپ كەتتى. ئارقىدىن ھېلىقى ئىككى تاشنى كەلتۈردى. ئەبۇلئەلى ئىككى تاشنى ھاۋاغا ئاتمىش قېتىم ئېتىپ ئاجايىپ تاشۋازلىق قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا بىر تاشنى ئاسمانغا ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىپ چۈشىشىگە يەنە بىر تاش بىلەن شۇنداق سوقتىكى، تاشلار ئۇۋۇلۇپ مەيداندىكى تاماشىچىلارنىڭ بېشىغا تاش ياغدى. ئارقىدىن ئۈينى كەلتۈردى. ئەبۇلئەلى ئۈي ئۇسكىلى يۈگۈرۈپ كېلىشىگە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ توختىتىپ مۇشت بىلەن چېكىسىگە ئۇرغانىدى، مۇشتى ئۈينىڭ بېشىنى تېشىپ كىرىپ كەتتى. خالايىقلار چۇقان سېلىشىپ ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئاندىن كېيىن ئەبۇلئەلى سەئىدنى چاقىرىپ:

— ئېھ پەھلىۋان ، كەلگىن چېلىشايلى ، —
دېدى . سەئىد :

— ئېھ يىگىت ، مېنىڭ تېخى گۇرزىبازلىـ
قىم قېپقالدى . ئۇنى تاماشا قىلغىن ، ئاندىن كېـ
يىن چېلىشايلى ، — دەپ ئۈچ يۈز ئاتمىش
ياتمان گۇرزىنى ئېلىپ گاھ يۇقىرى تاشلاپ ، گاھ
تۇتۇۋېلىپ ئەبۇلئەلىنى ئايلىنىپ كېلىپ ئارقا
تەرەپتىن ئۇمۇد بىلەن بېشىغا ئۇردى . ئۇمۇد ئە-
بۇلئەلىنىڭ مېڭىسىگىچە يېتىپ ، ئاغزى بۇرنىـ
دىن قان كەلدى . سۆڭەكلىرى يانجىلىپ يەرگە
يىقىلدى ، دولىسىمۇ سۇندى . خەلقلەر چۇقان -
سۈرەن سېلىشتى . سەئىد بولسا ئۆز يولىغا كەتـ
تى . خوجائەمرى بىلەن خوجامەقبىل ئەبۇلئەلىنى
ئېلىپ بىر تامنىڭ تۈۋىدە ياتقۇزۇپ ھالىدىن خەـ
ۋەر ئالدى . تېۋىپ چاقىرىپ داۋالىدى . شۇنداق
قىلىپ ئەبۇلئەلى نەچچە ئايلاردىن كېيىن ئەسلىگە
كەلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلئەلى سىپاگەرچىـ
لىكنى ئۆگەندى ، مەقبىل تېرە ئەندازلىقنى ئۆ-
گەندى ، خوجائەمرى ھەييارلىقنى ئۆگەندى . بۇلار
ئەلەم ماھارىتىدە ھەربىرىسى نەچچە مىڭ ئادەمگە
تاقابىل تۇرالايدىغان دەرىجىگە يەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئۈچەيلەن نۇشىرۋاننى
ئىزدەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيلا خاپا
بولۇپ قايتىپ خېلى مەزگىللەرگىچە نۇرغۇن
سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردى . ئۇلار ئا-
خىرى مەككە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى . شەھەر
ئۇلارغا ناھايىتى ئەنسىز كۆرۈندى . ئوردىغا يېقىن
قارىسا ، ھەممىلا يەرگە سىپاھلار تولۇپ كېتىپـ
تۇ . سىپاھلار شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى باغلاپ
قويۇپ شەھەر رەئىسىنى «خىراج بەرگىن» دەپ
قىستىغىلى تۇرۇپتۇ .

ئەسلىدە بۇ سىپاھلار پادىشاھ يەمەننىڭ ئا-
دەملىرى ئىدي .

بەختەك ۋەزىر پادىشاھ نۇشىرۋان بىلەن ئوۋ-
غا چىققاندا نۇشىرۋان بەختەكنى قىرىق كالتەك
ئۇرغۇزۇپ ، ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىپ ، گۇناھكار
قىلغاندىن كېيىن ، بەختەك سەكسەن كۈنگىچە
كىشىگە كۆرۈنمىدى . بىر كۈنى ھەممە پادىشاھلار
جەم بولۇپ نۇشىرۋاننىڭ بۇتخانىسىغا كەلدى .
ئاندىن بەختەكنىڭ گۇناھىنى تىلىدى . پادىشاھ
مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئۇنى
ياخشى كۆرەتتى ، شۇڭا بەختەكنىڭ گۇناھىدىن
ئۆتۈپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ
بەرگەنىدى . بەختەك نۇشىرۋاننىڭ بېقىۋالغان
ئۈچ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى ، شۇڭا بەختەك
ئۇلار چوڭ بولغۇچە ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ نۇشىر-
ۋاننى ئاجىزلاتماقچى بولدى . بەختەك كۆپ ئويلاپ
نۇشىرۋاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ پادىـ
شاھلىرىنى زىدىيەتكە سالماقچى بولۇپ ، بىر كۈ-
نى پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ مۆھۈرىنى ئوغرىلاپ يە-
مەن پادىشاھىغا خەت ئەۋەتتى . خەتتە : «توققۇز
يىل بولدى ، مەككە خەلقى پادىشاھقا خىراج بەر-
مىدى ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئوغلىنى پادىشاھ ئوقۇتقان
تۇرۇقلۇق خىراج بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ
قاتتىق ئەدىپىنى بېرىپ ، توققۇز يىللىق خىراجنى
تولۇق ئېلىپ خەزىنىگە ئەۋەتىپ بەرگەيسەن» دېـ
يىلگەنىدى . يەمەن شاھى نۇشىرۋان نامىدا يېزىلـ
غان بۇ نامىنى كۆرۈپ بەش يۈز سىپاھنى بەدمىش
يەمەنگە تاپشۇرۇپ مەككە شەھىرىگە ئەۋەتتى . بۇ-
لار مەككە شەھىرىگە كېلىپ خەلققە ئازاب - ئو-
قۇبەت سېلىپ بەش يىللىق خىراجنى يىغىپ بولـ
غاندا ، ئەبۇلئەلى ، ئەمرى ، مەقبىل يېتىپ كەلـ
دى . مەككە رەئىسى بۇ ئوغۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ
تۇرغاندا ، بەدمىش يەمەنى كېلىپ مەككە رەئىسىـ
دىن سوراپ :

— بۇ يىگىت كىم؟ — دەپ ئەبۇلئەلىنى
كۆرسەتتى .

— بۇ مېنىڭ پەرزەنتىم ئىدى ، تۇغۇلغان
كۈندىن باشلاپ پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىل بالا قىـ
لىۋالغانىدى ، بىز ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ، مانا
ئەمدى ئاران كۆرۈشتۇق ، — دەپ جاۋاب بەر-
دى . بەدمىش :

— ئۇنداق بولسا ئوغلۇڭغا ئېيت ، ماڭا
شاراب تۇتسۇن ، — دېدى . مەككە رەئىسى جېـ
دەل چىقىشتىن قورقۇپ :

— ئوغلۇم ، شاراب تۇتۇڭ ، — دېدى .
ئەبۇلئەلى شاراب تۇتتى .

بەدمىش شارابنى ئالاي دەپ قولىنى ئۇزىتىـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىغا ، ئەبۇلئەلى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ گەدەنگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرغانىدى ، بەدمىش ئۆلدى. بۇنى كۆرۈپ بەدمىشنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ ، خىراجنىمۇ ئالماي يەمەنگە كەتتى. خالايىقلار بۇنىڭدىن ھەيران ـ ھەس قالدى . مەككە رەئىسى بۇ ۋەقەدىن قورقۇپ كېتىپ شەھەر ئۇلۇغلىرى بىلەن خىراجنى ئۇلاغلارغا يۈكلەپ يەمەنگە يۈردى . مەككە رەئىسى ئوغلىنىڭ بەدمىشنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ دەرغەزەپ بولغانىدى ، ئەبۇلئەلى دادىسىدىن خاپا بولۇپ شىكارغا چىقىپ كېتىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيگە كەلمىدى. تۆتىنچى كۈنى قايتىپ كەلسە ، دادىسى يوق . قېرىنداشلىرىدىن سورىغانىدى ، ئۇلار جاۋاب بېرىپ :

— توققۇز يىللىق خىراجنى ئېلىپ ، تامام مەككە بەگلىرى بىلەن بەدمىشنىڭ ئۆلگىنىگە ئۆزرە ئېيتقىلى يەمەنگە كەتتى ، — دېيىشتى. ئەبۇلئەلى خوجائەمرىگە :

— ئېھ ئەمرى ، بىز يەمەنگە بارساق ، يەمەن بەگلىرىنىڭ تاجلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ ، مەملىكىتىنى قولغا ئالىمىز ، — دېدى. ئۇلار كەتكەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن يەمەنگە قاراپ راۋان بولدى .

بىر كۈنى پادىشاھ يەمەنى تەختتە ئولتۇراتتى ، بەدمىشنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بەدمىشنىڭ ئۆلۈمىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . پادىشاھ يەمەنى ئۇلارنىڭ دادىنى ئاڭلاپ ، مەككە خەلقىگە بىرەر باھانە تاپالماي تۇرغاندا «مەككە بەگلىرى خىراج ئېلىپ كەلدى» دەپ خەۋەر كەلدى . پادىشاھ يەمەنى كەلگەنلەرنى چاقىرىپ :

— ئېھ خوجىلار ، توققۇز يىللىق خىراجنى بەرمەي تۇرۇپ ، خىراج ئۈچۈن بارغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىم ھوقۇق بەردى؟ — دەپ قاتتىق ئاچچىقلاندى . مەككە رەئىسى :

— ئېھ پادىشاھ ، بىزنىڭ بەرمەسلىككە ھەددىمىز ئەمەس ، ئەمما نۇشىرۋان ئادىل بىزدىن ئۈچ ئوغلىنى ئۆزىگە پەرزەنت قىلىپ ، بۇ شەھەرنىڭ خىراجىرىنى ئاشۇ بالىلارغا بەرگەنىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن خىراجنى تاپشۇرمىغانىدۇق ، بۇ ھالنى بەدمىشقا ئېيتقان ئىدۇق ، — دەپ تۇرغاندا ، پادىشاھ ئادىلنىڭ ئوغۇللىرى پەيدا بولۇپ ، شاھ يەمەننىڭ قېشىغا : «سىپاھلار مەككىدىن ئالماي كەلگەن ماللارنى بىرنەچچىسى ئېلىپ كەپتۇ» دەپ بىرسىدىن خەۋەر بەردى . پادىشاھ يەمەنى ئىككى ياساۋۇلنى «ئەكەلگەن ماللارنى ئېلىپ كىرىڭلار» دەپ بۇيرىغانىدى ، ياساۋۇللار چىقسا ، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . ياساۋۇل :

— ئېھ يىگىت ، قوپۇڭ ، بۇ ماللارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز ، — دېدى . ئەبۇلئەلى ئاڭلىماسقا سېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى . بىرى يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا تاياق ئۇردى . ئەبۇلئەلى ئۇنى تۇتۇپ بىر تاشلىغانىدى ، سارايىنىڭ تېشىغا چۈشتى . بىر ياساۋۇل قېچىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ ، بولغان ۋەقەنى مەلۇم قىلدى . مەككە رەئىسى بۇ ئەبۇلئەلىنىڭ ئىشىمىدۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ قالدى ، پادىشاھ يەمەننىڭ ئالدىدا يەتمىش پاتمان زەنجىر بىلەن باغلاغلىق بىر زەنگى بار ئىدى . ھەر كۈنى بىر ئادەمنى ئۇنىڭغا يېگىلى بېرەتتى . ئۇنىڭ ئېتى ئەراس زەنگى دەپ ئاتىلاتتى . ۋەزىر دېدىكى :

— ئېھ پادىشاھى ئالەم ، زەنگىنى بوشىتىپ ئول يىگىتكە قويۇپ بېرىش كېرەك . ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېمەكلىكى ئۈچۈن بىر ئادەم بېرەتتۇق ، بۈگۈن شۇ ئادەمنى تۇتۇپ يېسۇن .

بۇ مەسلىھەت ھەممىگە ماقۇل كەلدى ـ دە ، زەنگىنى بوشىتىپ ، ئۇنىڭغا ئەبۇلئەلىنى كۆرسىتىپ قويدى . زەنگى زەنجىرنى سۆرەپ سارايغا كەلدى . تامام خەلق ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈشكە يىغىلدى . زەنگىنىڭ قەددى ئاتمىش گەز ، بېشى گۈمبەزدەك ، ئاغزى غاردەك ، ھەربىر قولى چىنارنىڭ شېخىدەك ، چىشلىرى ئارىدەك ئىدى . ئۇ چىشلىرىنى غۇچىرلىتىپ ئەبۇلئەلىنى تۇتۇپلا ئاغزىغا سېلىۋاتىدىغاندەك سەكرەپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغانىدى ، ئەبۇلئەلى گويا ئېتىلىپ چىققان تاشتەك دۈيلۈپ چىقىپ مۇشت بىلەن زەنگىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇۋېدى ، كاللىسى پارە ـ پارە

بولۇپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلدى . بۇنى كۆرۈپ پۈتكۈل خالايىق ھەيران قېلىپ تەھسىن ــ ئاپىرىن ئوقۇدى . بۇ خەۋەر پادشاھقا يەتتى . پادشاھ ھوشىدىن كېتىپ ، ئۇ سىپاھلىرىغا :

ــــ ئېھ پەھلىۋانلار ، كىمكى مەككە رەئىسىنىڭ ئوغلىنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسە قىزىم مەريەم ناھىدنى بېرىمەن ، ــــ دېدى .

ئەمدى گەپنى سەل نېرىغا يۆتكىسەك ، پادىشاھنىڭ قىزى مەريەم ناھىد شۇنداق رەنا ئىدىكى ، مەلاھەت بايىدا خىللانغان ، لەتاپەت باغىدا ئېلىنغان ، ھۆسنىنىڭ گۈزەللىكى يەتتە ئىقلىمغا پۇر بولغانىدى .

نەزم :

نازلىنىپ تۇرسا ئەگەر ئول نازىنىن ،
ئەرشىمۇ بىھوش بولۇپ تولغانغۇسى .
كۆرسە ئىنسان بىر قېتىم جامالىنى ،
ئاھ ئۇرۇپ باغرى ئۇنىڭ قان بولغۇسى .
گەر قاراپ قىلسا تەبەسسۇم ئول گۈزەل ،
ئاي ، قۇياش ھەم ئاڭا قوللۇق قىلغۇسى .

پادىشاھ يەمەننىڭ بۇ قىزى كامالىغا يېتىپ ، ئەلچىلەر ھەر تەرەپتىن سۆز تاشلاپ كېلىپ تۇرغانىدى . قىز بولسا ، ياتلىق بولۇشنى خالىمايتتى . بىر كۈنى ئانىسى سۆز باشلاپ :

ــــ ئېھ قىزىم ، قىز بالا ياتلىق بولىدۇ ، ئوغۇل بالا ئۆيلىنىدۇ . بەدىمۇ ئۆمۈرۋايەت ئاتا ــ ئانا بىلەن بىرگە ياشايدىغان ئىش بولسۇن ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ، تۇرمۇشتىن لەززەت تېپىش لازىم ، ــــ دەپ نەسىھەت قىلدى . قىز بولسا ، ناھايىتى ئاقىل ئىدى . قىز :

«ماڭا لايىق بولغانلار مۇنداق ئۈچ شەرتنى ئادا قىلىشى : بىرىنچى ، دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە ئادەم تەك كېلەلمىگەن ھەبەش قول دەپ بىر قول بار ، ماڭا لايىق بولغۇچى ئۇنى چېلىشىپ يېڭىشى ، ئىككىنچى ، ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن يۇزغۇلاچ بىر مۇنار بار ، بۇ مۇنارنىڭ نامى «مۇنار زەررىن كەمەر» دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر جۈپ ئالتۇن ناغرا بار . ھەركىم ئاشىق بولۇپ كەلسە ئاشۇ مۇنارغا چىقىپ چوكا بىلەن ناغرىنى چالالىشى ، ئۈچىنچى ، ۋەزنى سەكسەن پاتمان كېلىدىغان ، قەدىمكىلەردىن قالغان يەتتە دانە يا بار . كەلگەن لايىق ئاشۇ يانى قولىغا ئېلىپ تارتالىغان بولۇش كېرەك .

ھەركىم يۇقىرىدىكى ئۈچ شەرتنى بەجا كەلتۈرسە مەن ئۇنىڭ نىكاھىدا بولغايمەن . ئەگەر بۇ ئۈچ شەرتنى بەجا كەلتۈرەلمىسە جېنىدىن كەچسۇن ، ــــ دەپ تەلەپ قويىدى .

بۇنى ئاڭلاپ ئوتتۇز ئالتە شەھەردىن ئوتتۇز ئالتە شاھزادە نۇرغۇن مال ــ دۇنيا ئېلىپ كېلىپ ، مەريەم ناھىدقا مۇھەببەت دەۋاسى قىلدى . كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قول بىلەن چېلىشىپ يېڭىلدى . مۇنارغا چىقىپ ئالتۇن ناغرىنى چالالمىدى . قەدىمكىلەردىن قالغان يانى يەردىن كۆتۈرەلمىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئوتتۇز ئۈچ شاھزادە شەرتنى بەجا كەلتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى . يەنە ئۈچ شاھزادىنى قىزنىڭ ئاتىسى تىلەپ ئېلىپ ئۆزىگە نۆكەر قىلدى . بۇلارنىڭ بىرىسى ھەلەب پادىشاھىنىڭ ئوغلى مەقبۇل ھەلىبى ، يەنە بىرى سۇلتان بەخت بەزمى ، يەنە بىرى ئىسكەندەرىيە پادىشاھىنىڭ ئوغلى كەبابەچىنى ئىدى . بۇلار پادىشاھنىڭ كىم ئەبۇلئەلىنى باغلاپ ئەكەلسە قىزىمنى بېرىمەن دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ تېپىرلاشتى . بۇلاردىن :

ــــ ئېھ پادىشاھى ئالەم ، سىز گېپىڭىزدە تۇرىدىغانلا بولساڭ نۇشىرۋاننىڭ بۇ ئاسراندى ئوغلىنى باغلاپ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىمىز ، ــــ دەپ كابابەچىنى مەيدانغا چۈشتى . ئۇ ئات بىلەن كېلىپ ئەبۇلئەلىگە قىلىچ ئۇرغانىدى ، ئەبۇلئەلى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئاتتىن يۇلۇپ يەرگە ئۇردى . خوجائەمىرى بىلەن مەقبىل كېلىپ ئۇنى باغلىدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەرمۇ بىر ــ بىرلەپ يەر چىشلەشتى .

ئىككىنچى كۈنى چۈش ۋاقتى بولغانىدى ، كابابەچىنى قىزنى ئەسلەپ مۇنارغا چىقىپ ناغرا چالدى . چىقىپ ھېلىقى ھەبەش قولنى كەلتۈردى . كابابەچىنى ئول قول بىلەن چېلىشىپ يىقىلدى . يانى ئورنىدىن قوزغىيالمىدى . قىز دەرغەزەپ بولۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ

بىشنى كەسمەكچى بولدى . بۇ چاغدا ئەبۇلئەلى كېلىپ :

— ئىبە مەريەم ناھىد ، بۇنداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ ، مەن بەجا قىلسام ، — دەپ تەلەپ قىلدى ۋە بېرىپ قۇلنىڭ بىلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . يانى تارتىپ ئۇچ پارچە قىلىۋەتتى . بۇنى كۆرۈپ قىز ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ، يەڭلىرىدىكى جوۋاھىرنى ئۇنىڭ بېشىدىن چاچتى . ئەمما ئەبۇلئەلى قىزنىڭ شەرتىنى بەجا قىلىپ بولۇپ پەرۋاسىز قايتىپ كەتتى . قىز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئۇچ شەرتنى ئورۇندىغان يىگىت ئەبۇل-ئەلىغا ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنى ئېيتتى . پادىشاھ يە-مەنى قىزنىڭ رايىغا بېقىپ كۆپلىگەن دۇنيا بىلەن ئەبۇل-ئەلىغا قىزنىڭ ئەرزىنى يەتكۈزدى . ئەبۇلئەلى :

— مەن بۇرادەرلىرىمدىن سوراپ جاۋابنى بېرەي ، — دەپ ئۇلارنى ياندۇردى ۋە خوجا ئەمرىگە :

— ھازىر مېنىڭ خوتۇن ئالىدىغان ۋاقتىم ئەمەس ، ئۆيلەنمەيمەن . سەن بېرىپ بىر تەرەپ قىلغىن ، — دەپ ئەۋەتتى . خوجائەمرى قىزنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئىبە مەلىكە ، قىزىڭنى ئالىدىغان پەھ-لىۋان غەم - قايغۇغا غەرق بولۇپ ، يىغىدىن باشقىنى بىلمەيدۇ ، ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلغايسەن ، — دېدى . مەلىكە ئېيتتى :

— نېمە قايغۇ ئىكەن ئۇ ؟

— ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇياتلىق ئەيىبى بار ئىكەن .

— نېمە ئەيىب ؟

— ئىبە مەلىكە ، — دېدى خوجائەمرى ، — ئاڭلىساڭ سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇپ يىغ-لاپ تاشلايسەن ، پەھلىۋان تۇغۇلۇپ يەتتە كۈنلۈك بولغاندا خىزمەتكارلارنىڭ بىپەرۋالىقىدىن ئىگىل-دىن موزاي چىقىپ كېتىپ ، ئەبۇلئەلىنىڭ مۇبا-رەك زەكىرىنىڭ ئالتۇن بېشىغا دەپسىۋاتقان ئى-كەن . شۇ سەۋەبتىن قاتتىق خاپا بولۇپ ، بۇيرۇ-غان خىزمەتكە بويۇن تولغاپ ماڭماس بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ . ئۇ : «مەن ئۆيلەنسەم بۇنىڭ ئەسكى خۇيلىرى قىزنى خاپا قىلىپ قويسا قانداق قىلار-مەن» دەپ ئەنسىرەيدىكەن .

قىزنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ «ئاھ» دېگىنى-چە ھەسرەت چېكىپ قىزنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئەمرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتتى . قىز ئاڭلاپ ھەسرەت چېكىپ ، توي قىلىشتىن رايى ياندى .

(داۋامى بار)

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەممەت ئوسمان

مۇھەررىرى : ياسىن زىلال

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە :**

دىققەتسىزلىكتىن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سان مۇقاۋىسىنىڭ لايىھىلىگۈچىسى ئىسمايىل ئىبراھىم بىلەن مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى سۈرەتلەرنى قارتقۇچى فاتىخ شەرىف ، ئۆمەر قاسىملارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى چۈشۈپ قالغان . بۇ ئىككى پارچەسۈرەتتىن كىرىشتۈرۈپ لايىھىلەنگەن مۇقاۋىدىكى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجاننىڭ سۈرىتى فاتىخ شەرىفكە ، مەسجىد سۈرىتى ئۆمەر قاسىمغا مەنسۇپ .

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

# ئەپسانىگە ئايلانغان رېئاللىق

ئابدۇكېرىم راخمان

نىھايەت ، تارىخنىڭ ئەپسانىگە ئايلىنىشى ، ئەپسانىنىڭ تارىخقا ئايلىنىشى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بىر قانۇنىيەت .

مۇندىن نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە ھاياتلىققا ئېرىشىش ئىستەكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن «نۇھ كېمىسى» ھەققىدىكى ئۆلمەس ئەپسانە ئورخۇن بويلىرىدىن كاۋكاز تاغلىرىغىچە ، ماۋەرائۇننەھردىن مىسسوپوتامىيىگىچە ، ھىمالايادىن گلان ئېگىزلىكىگىچە ، تارىم بوستانلىقىدىن ئانا تولى تۈزلەڭلىكىگىچە ، ئولۇمپۇس تاغلىرىدىن كۆپت تاغلىرىغىچە ، ئامۇ ۋادىسىدىن ئامازون قىرغاقلىرىغىچە . . . قىسقىسى ، شەرقىي يېرىم شاردىن غەربىي يېرىم شارغىچە تارقىلىپ ، دۇنيانى زىل ـ زىلزىلىگە سالدى . «زەبۇر» ، «تەۋرات» ، «ئىنجىل» ، «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق مۇقەددەس دەستۇرلاردىن ئورۇن ئېلىپ ، خرىستىئان ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنى سېھرىي تۈسكە ئىگە قىلدى . لېكىن ئالەمنىڭ قايتا يارىلىشى ھەققىدىكى بۇ تېپىك ئەپسانىنىڭ تارىخىي رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ھېچكىممۇ ئىشەنمىدى . چۈنكى ، ئۇ ئاللىقاچان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قويۇق فانتازىيىلىك تۈس ئالغان تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى «ئەپسانىۋى دۇنيا» غا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . لېكىن تارىخنىڭ بۇنداق قىسمەتلىرىگە ئىنسانىيەت ھەرگىز شۈكۈر قىلمىدى . ئالدىنقى ئەسىردىن تارتىپ كۈچىيىشكە باشلىغان ئىنسانلارنىڭ «ئۆزلۈك ئېڭى» ، «يىلتىزىنى ئىزدەش» ، «ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش» قىزغىنلىقى تەۋەللۇد بولدى . بۇ قىزغىنلىق ئەپسانىشۇناسلىق ساھەسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ زېۋس باشچىلىقىدىكى ئولۇمپۇس ئىلاھلار دۇنياسىنى ئۆزەك قىلغان ھالدا ، «نۇھ كېمىسى» نى قىدىرىپ تېپىشقا دەۋەت قىلدى . شۇنداق قىلىپ «نۇھ كېمىسى» نىڭ تاشقا ئايلانغان ئىزلىرى تۈركىيىنىڭ ئىزمىر ئۆلكىسىدىكى ئاللات تېغىدىن تېپىلدى . شۇنىڭ بىلەن «نۇھ كېمىسى» ئەپسانىگە ئايلانغان رېئاللىق بولۇپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن تارىخ ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى . دەرۋەقە ، ئەپسانىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش مۇقەررەرلىكى بۈگۈنكى ئىلىم دۇنياسى جىددىي ئىزدىنىۋاتقان قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ ، شەك ـ شۈبھىسىزكى ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەپسانىلەرنىڭ تۇمانلىق پەردىسى يىرتىپ تاشلىنىپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان تارىخ جاۋاھىراتلىرى ۋەسلى ـ جامالىنى ھامان ئاشكارا قىلغۇسى . ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتقان «ئەپسانە ئارخېئولوگىيىسى مۇشۇ نىشان ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەرنىڭ بەلگىسىدۇر . شۇنىڭ بىلەن ئادەمزاتنى ئىلاھلار ئەمەس ، بەلكى ئىلاھلارنى ئادەم ياراتقان» دېگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقى بىقارارلاشماقتا . بەرھەقكى ، دۇنيا ـ زىددىيەتلەر بىرلىكىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ جەڭگاھىدىن ئىبارەت بولغاچقا ، ئۇ يەنە تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئەپسانىگە ئايلىنىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ . بۇنداق قىسمەتنى ، ئەلۋەتتە تارىخنىڭ تراگېدىيىسى ، دېيىش مۇمكىن . مەن ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان ، مەجبۇرىي «ئەپسانە» گە ئايلىنىپ قالغان مۇنداق بىر قىسمەتلىك تارىخىي ۋەقەنى «باللىق خاتىرە» مگە ئاساسەن ھېكايە قىلىپ بېرەي :

مېنىڭ ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن مەزگىللىرىم ، ئېھتىمال 1949 ـ يىللىرى بولسا كېرەك . مەكتەپتىن قايتاشىمدا ، دادامنىڭ قاراڭغۇ رەستىدىكى دۇكىنىغا بارماقچى بولۇپ ، ھېيتگاھ كۆلۈبىنىڭ يېنىغا كېلىشىمگە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە كۆلۈبىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا جەملەنگەن بىر توپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى . مەنمۇ باللارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن بۇ ئادەملەر توپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدىم . بىر دەمدىلا ئادەملەر توپى چەمبەرسىمان ھالقا پەيدا قىلىپ ، ئالدىدىكىلەر ئارقىغا چېقىپ كېتەلمەيدىغان ، ئارقىدىكىلەر ئالدىغا ئۆتەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى . شۇئاندا خەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دادام دېمەتلىك ، بېشىغا يەڭگىل سەللا ئورىغان ، ئۇچىسىغا ئالدى ئوچۇق ــ يەكتەك كىيىپ ، بېلىنى شايى بەلباغدا باغلىغان ، ئۇستىگە تۆمۈررەڭ بەقەسەم كىيگەن ، قارىچۇغا كۆز ، خۇش چىراي بىر كىشى پەيدا بولدى . ئۇ قولىدا مۇقاۋىلانغان بىر كىتابنى تۇتقان ھالدا ۋەزخانلىق قىلىشنى باشلىدى :

—— ئەي مۆمىنلەر ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم بەندىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي . بۈگۈن ئۇرۇغ ــ ئەۋلادلارغا ياخشىلىق تىلىگۈچى روھناتلىرىمىزنىڭ يېغىلىپ دۇئا ــ تىلاۋەت قىلىدىغان خاسىيەتلىك پەيشەنبە كۈنىدۇر . شۇڭا بۈگۈنكى تەلقىنگە جەم بولغان بۇرادەرلىرىم تاھەرەتلىك بولغاي . چۈنكى تاھارەتسىز ئىبادەتنى ئاللاتائالا قوبۇل قىلمايدۇ .

شۇئاندا سەپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ياخراق ئاۋازلىق بىر كىشى باش بارمىقى بىلەن ئىككى قولىقىنى تىرەپ تۇرۇپ :

—— ئەيىۇھەنناس ! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ئامۇ ــ خاس ، —— دەپ دوست تارتتى . جامائەتنىڭ خۇددى جۈمە نامىزىدا ئولتۇرغاندەك سۈكۈتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆزۈمنى ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىگە تىككەن ھالدا ، مەنمۇ ئورنۇمدىن مىدىر ــ سىدىر قىلماي ئولتۇردۇم .

—— ھەر كىشىنىڭ ئۆزى كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى بىلمىكى زۆرۈر . ياخشى چۈش ئاللانىڭ رەھمىتىدىن بېشارەتتۇر . يامان چۈش شەيتان ۋەسۋەسىدىن بولۇر . بىلىڭلاركى ، ئاتقا مىنىپ چۈش كۆرسەڭلار ، تۇرمۇشۇڭلار ئامەتلىك بولغاي . چىشىڭلار سۇنۇپ كېتىپ چۈش كۆرسەڭلار ، قوۋم ــ قېرىنداشلىرىڭلاردىن بىرەرسى بالايىقازاغا يولۇققاي ، ئۆجمە يەپ چۈش كۆرسەڭلار داستىخىنىڭلار مول بولغاي . . . —— دەپ ئارقا ــ ئارقىدىن مەن ئاڭلاپ باقمىغان قىزىقارلىق بىرقانچە چۈش تەبىرنى ئېيتتى ھېلىقى خۇش تەبىئەتلىك كىشى ۋە :

—— بۈگۈنكى تەلقىنىمىزدە ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى زىكرى قىلىمىز —— دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ . بۇ ھېكايەت شۇنچىلىك قىزىقارلىق ۋە تەسىرچان ئىدىكى ، نەچچە يۈز ئادەم جەم بولغان بۇ مەيدان جىمجىتلىق ئىچىگە چۆمگەن ئىدى . ھەر تەلقىن ئارىسىدا سەپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ياش ــ يىگىت ئارىلاپ «ھەق دوست ، يا شاھى مەردان دوس ــ دوس !» دەپ رىتىملىق دوست تارتىپ بېرىش بىلەن مەيدان تېخىمۇ سۈرلۈك قىياپەت ئالاتتى . چۈشلۈك غىزالىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، قۇياش ھېيتگاھ مۇنارىنىڭ ئارقىسىدىن پاتقىچە بۇ قىسسىنى ئاڭلىدىم ، بىز سىنىپتا مۇئەللىم ھەرقانچە قىزىق چۆچەكلەرنى ھېكايە قىلىپ بەرسىمۇ ، بىر سائەت جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتۇق . بۈگۈن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالمىدىم . ئاجايىپ بىر مەيدان قىزىقارلىق سەھنە ئويۇنى ئەنەشۇنداق باشلاندى . ھېكايىنىڭ ئىچىدە ھېكايە ، . . . خۇددى تىزىلغان مارجاندەك سۆزلەر شۇنچىلىك تەرتىپلىك ، قول ، بەدەن ھەرىكەتلىرى ، چىراي ئۆزگىرىشلىرى شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە يېقىملىق ، قىسقىسى ، ناخشا ــ ئۇسسۇل ۋە تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئەڭ نادىر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى «ئۇستاز» مېنىڭ ئالدىمدا ھەممىگە قادىر ۋە قابىل پىر چەڭگى ① بولۇپ گەۋدىلەندى . بالىلىق قەلبىم شادلىققا تولۇپ ، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇراتتى . كۆز ئالدىمدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى گەۋدىلەندى .

سەن ــ سەن دۇنيا ، سەن دۇنيا ؛
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن ؟
مەن ــ مەن ، دېگەن ئوغلاننى
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن .
يادوست ، يائاللاھ .

دەپ ھۆكمەت بىلەن ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان بۇ خۇشچىراي كىشى :

—— ئاللاتائالا ھەممىڭلارگە ئامان ــ ئېسەنلىك ئاتا قىلغاي ، نامىن ! —— دەپ ئىككى قولىنى

كۆتۈرۈپ دۇئا بىلەن سۆزىنى تامام قىلدى. مەنمۇ چوڭلارغا ئەگىشىپ دۇئاغا قولۇمنى كۆتۈردۈم. كىشىلەر يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ، كۆڭلىدە ئاتىغانلىرىنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق داستىخانغا تاشلاپ تارقىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ چوڭلارنى دوراپ، ئەتىگەن دادام بەرگەن مىڭ كوي (هازىرقى ئون تىيىن) پۇلۇمنى داستىخانغا قويۇپ ئۆيۈمگە ماڭدىم. ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ سۆھبەتلىرىدىن ئايان بولدىكى، بۇ كىشى قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق نۇرهاجىم مەدداھ ئىكەن. نۇرهاجىمنىڭ دادىسى ۋە بوۋىلىرىمۇ بىر ئۆمۈر مەدداھلىق بىلەن ئەل يۇرتنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشكەن زاتلاردىن بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇدۇمىغا نۇرهاجىم ۋارىسلىق قىلغان ئىكەن. نۇرهاجىم يالغۇز قەشقەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى يېزا- بازارلاردىمۇ شۆھرەت تاپقان بولۇپ، مەدداھلارغا ئۇستاز ئىكەن. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ، مەدداھقا هېرىسمەن بولۇپ قالدىم. هەر كۈنى دېگۈدەك دەرستىن كېيىن هېيتگاھ ئالدىغا كېلىپ مەدداھلاردىن هېكايە - قىسسە، داستانلارنى ئاڭلاش ماڭا ئادەت بولۇپ قالدى. ئاڭلىغانسېرى زېھنىم ئېچىلىپ، پىكىر- خىيالىم گوياكى تېرەمگە سىڭمىغاندەك تەسىرات پەيدا بولاتتى. هېيتگاھ مەيدانىدا نۇرهاجىم مەدداھتىن باشقا يەنە روزى مەدداھ، ئاۋۇت راۋاب قاتارلىق مەدداھلارمۇ ئۆزىگە خاس ماهارىتى بىلەن داڭلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدداھلىق سەنئەت ئۇسلۇبى بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. نۇرهاجىم مادداھ كۆپىنچە پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى، «رۇستەمى داستان»، «شاھ جەمشىد»، «قەھرىمان قاتىل»، «سىياۋۇش»، «سۇلتان ئارسلانخان»، «سۇلتان بۇغراخان» قاتارلىق مەشھۇر قەھرىمانلىق قىسسىلىرى ۋە يىگىرمە سەككىز نەپەر پەيغەمبەرنىڭ سېھرلەشكەن رىۋايەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ هېكايە قىلىش بىلەن مەشھۇر بولسا، روزى مەدداھ شەرق فولكلورىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىن بولغان «لەيلى-مەجنۇن»، «فەرھاد-شېرىن»، «تاهىر - زۆهرە»، «گۆر ئوغلى»، «بەهرام گۆر»، «شەمسى جانان»، «هۆر-لىقا - هەمراجان»، «سەنۇبەر» قاتارلىق قىسسە - داستانلارنى نەسرىي يول بىلەن هېكايىلەشتۈرۈشتە مەشھۇر ئىدى. ئاۋۇت ئاكابولسا ئۇستا راۋابچى بولۇپ، ئون نەچچە ياشلىق ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ، كۆپىنچە «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «نەزەر مۇپتى»، «سىيىت نوچى»، «تاشۋاي» داستانلىرىنى راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئورۇنداش بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئاۋۇت راۋابنىڭمۇ «بازىرى ئىتتىك» بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىن باشقا توققۇزاق (كونىشەھەر) يېڭىسار، ئاقتۇ ناهىيە بازارلىرىدا سەييارە سورۇن تۈزەيتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق مۇزىكىلىق مەدداھ سۇپىتىدە خەلقئاراغا تونۇلغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇزىكانت داۋۇت راۋاب (ئوغلى) نى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمگىچە (1955- يىللارغىچە) شەھەرلىك بىرقانچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن پۇرسەت تاپساقلا هېيتگاھقا جەم بولۇپ، مەدداھلارغا دائىملىق «خېرىدار» بولۇپ تۇراتتۇق.

ئاشۇ يىللاردا يەنە ئۇجمە پىشىشقىدا هەر جۈمە كۈنى قەزەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان «هەزرەت سەيلىسى» (ئۇجمە سەيلىسى) گە قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - بازارلاردىن نەچچە ئون مىڭ كىشى جەم بولاتتى. ئاپئاق خوجا مازىرى يېنىدىكى «شەۋەت كۆلى» نىڭ ئەتراپى ۋە «ئۇجمىلىك باغ» دا قىزىپ كەتكەن نەچچە خىل ئويۇنلار ئىچىدە تاۋاپچىلارنى هەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلىدىغىنى يەنە شۇ مەدداھلىق سورۇنى ئىدى. سەيلە مەزگىلىدە هەرقايسى يۇرتلاردىن، تاللىنىپ كەلگەن مەدداھلار بەس - بەستە تەلقىن تۈزەپ، «ئۇجمە سەيلىسى» نى راسا ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. هەممە يەردىن «دوست! » دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى - ئۈچ ئاي داۋاملىشىدىغان بۇ داڭلىق سەيلىنى «ئۇجمە سەيلىسى» دەپ ئاتىغاندىن كۆرە چوڭ كۆلەملىك «فولكلور بايرىمى» دېگەن تۈزۈك. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوردام سەيلىسى» ②، «هەز سۇلتىنىم سەيلىسى» ③ قاتارلىق قەشقەر رايونىدا تەسىرى زور مۇراسىملاردىمۇ مەدداھلىق ئاساسلىق پائالىيەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. بالىلىق خاتىرەمنى ئەسلىسەم، «شاهنامەئى تۈركىي»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «بەختىيار نامە»، «چاهاردۇۋان»، «كەلىلە - دېمىنە»، «خەمسە نەۋائىي» قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاغزاكىلاشقان هېكايە - قىسسەلىرىنىمۇ تۇنجى قېتىم ئەنە شۇ مەدداھلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىم ئېسىمدە.

1955 - يىللاردىن كېيىن مەدداھلارنىڭ مۇنداق جەلپكار سورۇنلىرىغا داخىل بولالمىدىم. چۈنكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئېڭى ئۇلارنى «شۇمبۇيا» دەپ قاراپ يىلتىزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



نى قومۇرۇشقا باشلىغانىدى . . ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن يىلى قەشقەرگە بېرىپ سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتىم . ئۈچىنچى قارارلىق خىزمەت ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ بورىنىغا دۇچ كەلدى . ھەممە يەرنى ئۇچىغا چىققان تەلۋىلىك قاپلىدى . «تۆت كونا» نى بۇزۇش شوئارى ئاستىدا بوۋايلارنىڭ ساقىلىدىن مومايلارنىڭ ئۇزۇن چېچىغىچە «ئىنقىلابنىڭ قايچىسى» تەگلەندى . قەدىمكى تارىخىي مىراسلىرىمىز ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيدى . شۇ قاتاردا بالىلىقىمدا مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان مەدداھلار «تۆت خىل ئۇنسۇر» لار قاتارىدا تارتىپ چىقىرىلدى . بويۇنلىرىغا «كوننى تىرىلدۈرگۈچى دىكتوچە[1]مەدداھ ئۇنسۇر» دېگەن قارا خەت يېزىلغان تاختىلار ئېسىلىپ ، قولىغا ئەسكى داسلار تۇتقۇزۇلۇپ سازايى قىلىندى . ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش قولۇمدىن كەلمىگەچكە ، ئىچىمدە «توۋا» دەپ ھەسرەتلىنەتتىم . مەدداھلىق پىنھان ۋە يوشۇرۇن ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان ئاشكارا سورۇن بولغاچقىمىكىن ، ئەيتاۋۇر ، ئاشۇ «ئىنقىلاب» زەربىسىدىن كېيىن ، ئۇ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتلىمىدىن يوقالدى . ھاياتلىق لۇغىتى تەركىبىدىنمۇ چىقىپ كەتتى . مەدداھنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەرگە ئۆزىمىزنىڭ نادانلىقىدىن تاشقىرى ، تەرجىمانلىرىمىزنىڭ «مەدداھ» سۆزىنى خاتا ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشى سەۋەب بولغانلىقى ئېھتىمال ، (دەرۋەقە بىر قىسىم ساۋاتسىز تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ماھىيەتنى بىلمەي تۇرۇپ ، مىنىدىغان ھايۋان - «ئات» ئىسمىنى مىلتىق ئات ! تىكى پېئىل «ئات» قا ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ قويۇشى بىلەن كېلىپ چىققان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر خېلى كۆپقۇ ! ) ئەگەر بىز «مەدداھ» نى «كوننى تىرىلدۈرگۈچى» ، «خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلغۇچى» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە يات بەدناملار بىلەن ئىزاھلاش ئورنىغا «مەدداھ» نىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە خاراكتېرى بويىچە «ئەلنەغمىچىلەر» ، «خەلق سەنئەتكارلىرى» دەپ چۈشەنسەك ، ھەر قانچە تەلۋە بورانمۇ ئۇنىڭغا ئالدىراپ چېقىلالمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان . لېكىن بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق . ئاۋۋال دېلو پەيدا قىلىپ ، بۇ رېئاللىقنى ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇۋەتتۇق . ناۋادا بالىلىق چاغلىرىمدا مەدداھلارنى كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام ، ئۇلارنىڭ مەپتۇنكار قىسسىلىرىنى ئۆز قولىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسام ، ھازىر بىرەرسى مەدداھنى تەرىپلىسە ، مەنمۇ «ئەپسانە» دېگەن بولار ئىدىم . بۇ گويا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى ئەپسانە دەپ قارىساق ، ئۇنىڭغا قارىتا 1958 - يىلىدىكى جۇڭگولۇقلار بىلەن 1999 - يىلىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشى ئوخشىمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش .

قاراملىق بىلەن مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلماقچى بولغان ھېلىقى «ئىنقىلاب» نىڭ قارا بورىنى تارقاپ ، ئاسمان سۈزۈلۈشكە باشلىغان 1976 - يىللاردا بالىلىق دەۋرىمدە خاتىرىلەپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ئاغزاكى مىراسلىرىنى توپلاش قىزغىنلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغا سەپەر قىلدىم . قەيەرگە بارسام شۇ يەردىن ئالدى بىلەن مەدداھلارنى ئىزدىدىم .

—— ھازىر مەدداھ نېمىش قىلسۇن ئۇكا ؟ «مەدداھ» دېگەن ئاللىقاچان تۈگىگەن ، —— دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم لاسسىدە بولدى . يۇرت ئارىلاپ قاربقاش ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدىم . ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بىر پېشقەدەم خىزمەتچىسىدىن بۇ رايوندا شاھ مەممەت ئىسىملىك بىر مەدداھنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم . شۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتۇق . لېكىن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ «مەدداھ» بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ :

—— ئاز - تولا راۋاب قوشىقى ئېيتىشتىن باشقا ھېچ نەرسە بىلمەيمەن ، —— دەپ تۇرۇۋالدى .

مەن مېھمانخانىغا قايتماي ، مۇشۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولدۇم . مەقسىتىم - بۇ ئادەم بىلەن چوڭقۇر سىردىشىپ ، ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۇ ساقلاۋاتقان مىراسلارنى خاتىرىلەپ ئېلىش ئىدى . بىر كېچىلىك سۆھبەت ئارقىلىق ، ئۆزئارا ئىشىنىش ھاسىل قىلدۇق . كۆڭۈلدىكى مۇزلار ئاستا - ئاستا ئېرىدى . شاھ مەمەت ئەتىسى سەھەردە راۋابنى تەڭشەپ ، «ئابدۇراخمان خان پاشا»

---

① دىڭ تو —— مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەزگىلدە تارتىپ چىقىرىلغان ئۈچ كىشى —— دىڭ تو ، ۋۇخەن ، لىياۋمۇشانىڭ بىرى .

داستانىنى ئېيتىپ بەردى. 1981 ـ يىلى مەن رەتلەپ ئېلان قىلغان «ئابدۇراخمان خان پاشا» داستانىنى ئاشۇ چاغدا شاھ مەمەتنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلەپ ئالغانىدىم. بۇ يۇرتتىن قايتىش ۋاقتىدا، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا شاھ مەمەتتەك خەلق سەنئەتكارلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىش ھەققىدە تەكلىپ بەردىم. دەرۋەقە، كېيىن ئاڭلىسام، ئۇلار بۇ كىشىنى ئەتىۋارلاپ ئۇزىنىڭ ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە 1984 ـ يىلى شاھ مەمەت مەملىكەتلىك ئەلنەغمىچىلەر كۆرىكىگە قاتنىشىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپتۇ ۋە مەملىكەتلىك ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىپتۇ. ئۇ شۇندىن باشلاپ راۋاب بىلەن يېڭى زامانىنى كۈيلەيدىغان قوشاقچى سۈپىتىدە خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ۋەھالەنكى، نادانلىقتىن تۇغۇلغان ۋە خېلى ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن سولچىلىق كاساپىتىدىن، جەمئىيەتتە مەدداھلارنىڭ ئورنى يوقىلىپ، بۇ ئەنئەنە ئۈزۈلگەچكە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەدداھلىق ئاخىرلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بۇ تارىخىي رېئاللىق قايتا تەكرارلانمايدىغان ئەپسانىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

## قىستۇرما مۇلاھىزە

ھازىرقى ياش بوغۇنلار نەزەرىدە ئەپسانىدەك تۇيۇلغان بۇ ئەسلىمە 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن تارىخىي رېئاللىق ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بوشۇكلىرىدىن ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىققان سانسىزلىغان ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، سۆز سەنئىتىدە كامالەت تاپقان ناتىقلارنى قايسى بىرى مەدداھلىق سورۇنلىرىدىن ئىلھام ۋە قۇۋۋەت ئالمىغان دەيسىز؟! «مەدداھ» (ۋائىز) ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «ماختىغۇچى ـ يەنى قەدىمكى قەھرىمانلار، سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى ماختاش ۋە مەدھىيە تەرىقىسىدە ھېكايە قىلغۇچى» دېمەكتۇر. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىستېمال مەنىسى شۇ ئاساستا «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر» (يەنى سۆزگە ماھىر، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان) خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. مەدداھلىق سەنئىتى خەنزۇ تىلىدا «说唱艺术» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. خەنزۇلار ئارىسىدىكى «شاڭشېڭ»، «كوۋەيبىر»، «پىيا سۆھبىتى»، «جاڭ ـ جاڭچىلار»، «قىسسىچىلەر» ۋە باشقا «يۆجۈي» قاتارلىق يەرلىك تىياتىرلار مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تۈرلىرى بولۇپ، «مۇتىيەنزى»، «غەربكە ساياھەت»، «ئۈچ بەلگىلىك قىسسىسى»، «پەنگو رىۋايەتلىرى»، «يۆفۇ نەزمىلىرى» قاتارلىق مەشھۇر مىراسلار خەنزۇ مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىدى. مەدداھلىق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى ئىستىلا قىلغان مەزگىللەردە (مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ـ Ⅳ ئەسىرلەر) ماراكەند (ھازىرقى سەمەرقەند) دە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق كاتتا مۇراسىمدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھەر خىل مىللىي ئويۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە، يەرلىك مەدداھلار ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن گرېكلارنىڭ «ماسكاراس تىياتىرى» گە تەقلىد قىلىپ ئويۇن كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى مەلۇم. بۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ سوغدى مەدداھلىرى ھەتتا چاڭئەنگە بېرىپ، مەدداھلىق سەنئىتىدىكى ماھىرلىقى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا كېيىن قۇرۇلغان خانلىق ئوردىلىرىدىمۇ مەخسۇس سەنئەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئوردا مەدداھلىرىمۇ بولغان. ھەتتا زالىملىقتا چېكىگە يەتكەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ④ نىڭ ئوردىسىدىمۇ خەلق سەنئىتىنىڭ بۇ ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. ياركەند خانلىقىنىڭ مەرىپەتلىك سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نى گەۋدە قىلغان خەلقىنىڭ سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش مەھكىمىسى ھەم خەلق سەنئەتكارلىرى قاتارىدا مەدداھلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان ۋە ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان مۇقامشۇناسلار قاتارىدا داڭلىق ئەلنەغمىچى ـ مەدداھلارمۇ بولغان. قىسقىسى، ئۆتمۈشتىكى فېئودال ھاكىمىيەتلەرمۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى تۈرىدىن پايدىلە ـ

ىنىشنى چەتكە قاقمىغان . دەرۋەقە ، مەدداھلىق سەنئىتىدە مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام بولمىغان بەزى تەركىبلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ ! بۇ خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتى خالى بولالمايدىغان نورمال ھادىسە . لېكىن ئۇ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردە بىر تەرەپتىن زامانىنىڭ بۇرۇختۇملۇقىدىن زېرىككەن ، ئەمگەك ھارغىنلىقىدىن ، روھىي جەھەتتىن مادارسىزلانغان كەڭ ئەمگەكچى ئامىمىنىڭ كۆڭۈل تەشنالىقىنى سۇغۇرۇپ ئۇلارغا بىر دەملىك روھىي ئازادلىق بەخش ئەتكەن ، ئەجدادلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق ئەۋلادلار روھىدا جاسارەت تۇيغۇسى ئويغاتقان . مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مىللىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان . راستىنى ئېيتقاندا ، مەدداھلىق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋىي زىلزىلە پەيدا قىلغان يىرىك نەمۇنىلىرىدىن خەلقىمىزنى خەۋەردار قىلىپ ، پارس ، ئەرەب ، ھىندى ۋە يەنە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى ئۇلگىسىدە ئۇيغۇرلاشقان داستان ـ قىسسەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان . مىللىي ئاغزاكى ئەدەبىياتىمىزنى قۇرىماس بۇلاقتەك ئۇزلۇكسىز بېيىتىشتا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ ، بۇ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنىڭ دەۋر تۇمانلىرى ئىچىدە يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان . بولۇپمۇ مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ ئۇرۇندىلىش جەھەتتىكى ئۇنىۋېرساللىقى بۇ «ناخشا ئۇسسۇل ماكانى» نى ئېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ ، ئۇنىۋېرساللاشقان ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە خېمىر تۇرۇچلۇق رولىنى ئوينىغان . مەدداھلارنىڭ بايان تىلى روشەن ئوبرازچانلىققا ، ئىندىۋىدۇئاللىققا ، جانلىقلىققا ، ھەرىكەتچانلىققا ، مۇزىكىدارلىققا ، مەپتۇنكارلىققا ، سىمۋوللۇققا ۋە يۇمۇرلۇققا ئىگە بولۇپ ، بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايەن قىلغان . ئەگەر ئۇيغۇر مەدداھلىقى ئۆزىدە ئەنە شۇنداق يۇقىرى بەدىئىي خىسلەتنى ھازىرلىمىغان بولسا ، مىڭلاپ ئامىمىنىڭ ئىختىيارىي ھالدا توپلىنىپ سەينادا نەچچە سائەت تىزلىنىپ ئولتۇرسىمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

شۇنداق ، مەدداھلار ئەنە شۇنداق سەنئەت ماھارىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان . قىرغىزلارنىڭ «ماناسچى» سىدەك ، قازاقلارنىڭ خەلق ئاقىنلىرىدەك . . . خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قىرغىز خەلقى «ماناسچى» غا بولغان ئېتىقادىنى بۈگۈنچە قىلچە سۇسلاشتۇرغىنى يوق . ئەكسىچە «ماناسچىلار ئۇچرىشىشى» نى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغاچقا ، «ئېلىمىزنىڭ گۆھىرى» دەپ يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئىگە بولغان يۈسۈپ مامايدەك ئىناۋەتلىك «ماناسچى» سەنئەت پېشۋاسى سۆيۈپتىدە قەدىرلەندى . قازاق خەلقى ئاقىنلىرىغا ئاق ئات مىندۈرۈپ ، گۈزەل يايلاقلاردا ئوبلاست ، ۋىلايەت ، ناھىيىلەرنى بىرلىك قىلغان داغدۇغىلىق «ئاقىنلار ئۇچرىشىشى» ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنى تەنتەنىلىك فولكلور بايرىمىغا ئايلاندۇردى . ئەلۋەتتە ، شۇنداق قىلىش تامامەن ھەقلىق ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى مەدداھلىرىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ ، ياكى بۇ تارىخىي رېئاللىقنى يېرىم ئەسىر ئىچىدىلا ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى . مېنىڭچە «ماناسچى» ، «ئاقىنچى» ، «ئەلنەغمىچى» ، «مەدداھ» دېگەن ئاتالغۇلار شەكلەن جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ ، مەزمۇن ماھىيىتى بىردەكلىككە ئىگە ئىدى . ھەممىسى دېگۈدەك تاللانغان ۋە تاۋلانغان خەلق سەنئەتكارلىرىنى كۆرسىتەتتى . بۈگۈنكى ئېنتېرنېت (كومپيۇتېر ئۇچۇر تورى ) دەۋرى گەرچە مەدداھلار سەنئىتىگە ھاجەتمەن بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرلار كارتوچكىسىدىن ئۇلارنى سىقىپ چىقىرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ . چۈنكى تارىخ يوقلۇق ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇق بولغاچقا ، ھەرقانداق دەۋر ئۆزىدىن بۇرۇنقى تارىخ سەمەرەلىرىنى ئەپسانە دۇنياسىغا مەھكۇم قىلىشقا ھەققى يوق . مەھكۇم قىلىۋەتمەسلىكى لازىم . ناۋادا شۇنداق قىلىنسا ، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياۋايىلىق تەبىئىتىگە قايتقانلىق بولۇپ قالىدۇ . ئىنسانىيەت بۇ قاباھەتلىك چۈشنى قايتا كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ئەپسانىگە ئايلانغان بۇ كىچىككىنە تارىخىي رېئاللىقتىن ئىبرەت ئېلىپ نۇھ كېمىسىدەك شىجائەت بىلەن مەدەنىيەت ھۆجەيرىلىرىمىزنى توپان بالاسىدىن ساقلاپ قالايلى . بىزگە ھەمىشە تەلۋىلەرچە قاراملىق ئەمەس ، بەلكى ئاقىلانىلىق ھەمراھ بولسۇن !

**ئىزاھلار :**

① پىرچەڭگى رىۋايەتلەردىكى سەنئەتچىلەرنىڭ پىرى . ②③ ئۇردام سەيلىسى (ئۇردا خېنىم

سەيلىسى ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ . — قاراخانىيلار دەۋرىدە پەيدا بولغان خەلق سەنئەت - سەيلە پائالىيىتى بولۇپ ، ئۇ ئەسلىدە ساتۇق بۇغراخاننىڭ مۇساتوقادىن كېيىنكى ئىككىنچى ئوغلى بايتاش ئارسلانخان مىلادى 960 - يىلى ئىككى يۈزمىڭ تۈتۈننى مۇسۇلمان قىلدى ۋە خوتەنگە يۈرۈش قىلىشتا يېڭىسار ، يەكەن ۋە يوپۇرغا ئارىسىدىكى سەلقۇم دېگەن دەشتتە قازا قىلدى . خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ تېنى شۇ جايدا ، بېشى قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى شەھىد ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىندى ، دېگەن رىۋايەت ساقلانغان . نەتىجىدە دەسلەپكى مۇغ - مەرسىيە پائالىيىتى تەدرىجىي كېڭىيىپ «ئوردىخېنىم سەيلىسى» گە ئايلانغان . ئوردىخېنىم سەيلىسى هەر يىلى بۇغداي ئورامىدىن كېيىن باشلىنىپ بىر - ئىككى ئاي داۋاملىشىدۇ . سەيلىگە بارغانلار هەپتە - ئون كۈن ئۇ يەردە تۈنەك قىلغاندىن كېيىن ، تۇغ - ئەلەملەر كۆتۈرۈپ ، بۇ سەيلىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە دۆلەتباغقا كېلىپ «نۇرئەلانۇرخان مازىرىنى» نى تاۋاپ قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتۇشقا چىقىپ مەشهەدتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قەبرىگاهىنى تاۋاپ قىلىپ ، «ئەنجۈر سەيلىسى» بىلەن بۇ پائالىيەتنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ . مانا شۇ ئاتۇشتا داۋاملىشىدىغان ئەنجۈر سەيلىسى «هەج سۇلتىنىم سەيلىسى» دەپ ئاتالغان .

④ مەهمۇد غەزنەۋى — خۇراساندا قۇرۇلغان تۈركىي خانلىق غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى (962 - 1187) نىڭ سۇلتانى .

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

مۇهەررىرى : **ياسىن زىلال**

---

# كىندىك ۋە ئىت توغرىسىدىكى رىۋايەت

تەڭرى زېمىننى ياراتقاندىن كېيىن ئادەمنى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى قىلىپ ياراتماقچى بوپتۇ .

تەڭرى ئەرش كۈرسىسىدا تۇرۇپ ، ئاۋۋال تۇپراق بىلەن لاي ئېتىپ ئادەمنىڭ شەكلىنى ياساپ ، ئۇنى ئوتتا تاۋلاپ قۇرۇتۇپ جان بەرمەكچى بوپتۇ . شەيتاننىڭ ئادەمگە ئۆچمەنلىكى تۇتۇپ ئادەمنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئادەمنىڭ تېنىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالماقچى بوپتۇ ۋە ئادەمنىڭ بەدىنىدىن يوچۇق تېپىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ قورسىقىنى چېكىپ كۆرۈپ قورساق قىسمىنىڭ كاۋاكلىقىنى بىلىپتۇ . تەڭرى شەيتاننىڭ ئادەم بەدىنىنى ناپاك قولى بىلەن تۇتۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ ، شەيتان تۇتۇپ قويغان جايىنى ئويۇپ ئېلىپ زېمىنغا تاشلىۋېتىپتۇ . ئويۇپ ئېلىنغان جاي «ئادەمنىڭ كىندىكى» بولۇپ شەكىللىنىپتۇ . زېمىنغا تاشلانغان لاي پارچىسى ئىتقا ئۆزگىرىپتۇ . ئىت يەر يۈزىگە يارىتىلغان تۇنجى هايۋان ئىكەن .

ئادەم يارىتىلىپ يەر يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن ، شەيتان ئادەمنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىش مەقسىتىدە ، هەممە هايۋانلارنى يىغىپ ، ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قۇترانقۇلۇق قىپتۇ . شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن هەممە هايۋاناتلار ئادەمگە خىرىس قىلىپ ، ئۇنىڭغا هۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ . ئادەم هايۋاناتلارنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، تەڭرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تىلەپتۇ . تەڭرى ئادەمگە كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈلگەن هايۋاننىڭ بېشىنى سىيلاشنى ئەمر قىپتۇ . ئادەم ئىتنىڭ بېشىنى سىيلىغان ئىكەن ، ئىت كەينىگە بۇرۇلۇپ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان هايۋانلارنى ئادەمگە يېقىن يولاتماپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئىت ئادەمنىڭ يېنىدا قېلىپ ئادەمگە قوغدىغۇچى ۋە هەمراھ بوپتۇ . ئىت ئىنسانلار كۆندۈرگەن تۇنجى هايۋاندىكەن .

ئېيتىپ بەرگۈچى : **ياسىن تۆمۈرنىياز**
توپلىغۇچى : **جارۇللا يۇسۇپ**
مۇهەررىرى : **مۇختار مۇهەممەت**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قوشاقلار

بېشىڭدا چىمەن دوپپا ،
گۈللىرى ئەجەب ئوبدان .
مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ
گەپلىرى ئەجەب ئوبدان .

هويلاڭدىكى تال ئۈزۈم
قىزىرىپتۇ مونچاقتەك .
ئانچە - مۇنچە ھىجىيىپ ،
ئوينىتامسەن قوچاقتەك .

قاغا جىگدە ئۈچىنغا
قارىقۇشقاچ قونۇپتۇ .
شۇنچە قىزلار ئىچىدە
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ .

تاۋۇز تىلىپ يېگىلى
بىر پىچاق سېتىپ ئالدىم .
يارنى كۆرۈپ كەلگىلى ،
ئات - هارۋا قېتىپ ماڭدىم .

چىلان تورۇق ئېتىم بار ،
يارغا يازغان خېتىم بار .
خەتتە ئېنىق يازغانمەن ،
ئايرىلماسقا گېپىم بار .

ئۆيىنىڭ بېنى تاش ئۆستەڭ ،
كۈندە ئاتلاپ ئۆتىمەن .
يارىم قاچان كېلەر دەپ
كۈندە ساقلاپ كۈتىمەن .

قوغۇنىمنى باققىلى ،
كەپىگە كېلىپ ياتتىم .
سەن يارىمنىڭ دەردىدە ،
دۇتارنى چېلىپ ياتتىم .

قولۇمدىكى دۇتارنىڭ
ئىككى تال پەيتارى بار .
سېنىڭ سۆيگەن يارىڭنىڭ
سەندىن باشقا يارى بار .

ئۆستەڭ بويىدا سۆگەت ،
يەرگە سايە تاشلايدۇ .
ۋاپاسى يوق چىرايلىق ،
ئاز كۈن ئويناپ تاشلايدۇ .

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق ،
ئاتلاپ ئۆتىمەن كۈندە .
مەن بۇ يەردە بولسامۇ ،
خىيالىم هامان سەندە .

ئالا بويناق ئىتىڭنى
باغلاپ قويساڭ بولمامدۇ ؟
يۇرت - مەھەللىدە قىز تولا ،
تاللاپ سۆيسەڭ بولمامدۇ ؟

ئېگىز تاغقا چىققاندا
هەمرايىڭىز مەن بولاي .
خەقنىڭ كۆزى تەگمىسۇن ،
تۇمارىڭىز مەن بولاي .

ياغلىق توقاچ ياققىلى
تونۇرىڭغا ئوت سالدىڭ .
ئاي يۈزۈڭنى كۆرسىتىپ ،
يۈرىكىمگە دەرد سالدىڭ .

بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە ،
ئات هارۋىنى قوش ئەمدى .
سەپەرگە ماڭار بولدۇم ،
سۆيگەن يارلار خوش ئەمدى .

ئۆيۈمنىڭ ئالدى ئاق ئۈجمە ،
يوپۇرمىقىنى ئۈزمە .
ئۇنتۇپ قالدىمكىن دەپ ،
مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزمە .

مەن قۇدۇققا قارىسام ،
كۆردۈم ئۆزۈمنىڭ ئەكسىنى .
باشتا بىلسەم سۆيمەستىم ،
ئۈجمە كۆڭۈل ئەسكىنى .

گۈل تۇۋىگە گۈل قويدۇم ،
پورەك ـ پورەك بولسۇن دەپ .
ئەمدى گەپنى ساڭا قويدۇم ،
جاۋابىنى بەرسۇن دەپ .

قارلىق تاغدا قار يېغىپتۇ ،
چۆل تاغدا يامغۇر .
بىزنىڭ يارلار ئاش ئېتىپتۇ ،
چۆپى ئاز ، چامغۇر .

سېنى ئەسلەپ كېچىدە ،
قەلەم ئالدىم قولۇمغا .
مەن بارغىچە قېشىڭغا ،
قارىغانسەن يولۇمغا .

ئېقىن بويى سۆگەتلىك ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمۇ ؟
مەن يارىمغا يولۇقسام ،
چىرايىمدىن تونارمۇ ؟

بېشىمدا بادام دوپپا ،
بەك چىرايلىق گۈلى بار .
مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ
قەن ـ ناۋاتتەك گېپى بار .

كۆك ئاسماندا ئاق بولۇت ،
ئاق پاختىدەك لەيلەيدۇ .
يار دەردىدە مەن ئاغرىق ،
يارىم بۇنى بىلمەيدۇ .

قايناپ تۇرغان بۇلاققا ،
قىزىلگۈلنى تاشلايمەن .
رۇخسەت قىلىڭ ئامرىقىم ،
مەن سۆزۈمنى باشلايمەن .

مەن ئاقسۇدىن ئات ئېلىپ ،
مىنىپ ماڭدىم يوگەنسىز .
كۆيۈك ئوتى يامانكەن ،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز ؟

بىز كىچىك نادان چاغدا ؛
گۈلنىڭ غۇنچىسى باغدا .
ئەجەبمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق ،
ئۆگىنىپ قالغان چاغدا .

شاپتۇل شېخى ئېگىلدى ،
ئېگىلىشنى كىم بىلدى ؟
جاندىن ئەزىز ياردىن
ئايرىلىشنى كىم بىلدى ؟

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
سۇغا چىلاپ ئولتۇردۇم .
يارىمنى خىيال قىلىپ ،
گۈلنى پۇراپ ئولتۇردۇم .

ئېگىز تاغقا چىقىپ مەن ،
كۆمۈر بىلەن تاش ئالدىم .
سەن يادىمغا يەتكەندە ،
كۆزلىرىمگە ياش ئالدى .

دادۇيجاڭنىڭ بالىسىمۇ سەن ؟
شياۋدۇيجاڭنىڭ بالىسىمۇ سەن ؟
ياخشىلىقنى بىلمەيسەن
سەھرالىقنىڭ كالىسىمۇ سەن ؟

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم ،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم .
يۇرتۇمدا مۇساپىرمەن ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم .

بۇ جاھاندا قىزىق ئىش ،
يازدا تۇرۇپ كۆردۇق قىش .
قومۇرۇلدى ساق چىشلار ،
دەرد كۆرمىدى ئاغرىق چىش .

يارىم بەرگەن بەش تەڭگە ،
چۇشۇپ كەتتى ئۆستەڭگە .
ئەسلى سېنى سۆيمەيتتىم ،
سۆيۈپ قويدۇم قەستەنگە .

كۈنچىققاندا بىر كىشى ،
كۈنپاتقاندا بىر كىشى .
كۆڭلۈمدىكى دوستۇمغا ،
ئوخشىمايدۇ ھېچ كىشى .

لازىمەنۇ ـ لازىمەن ،
باغدا ئۆسكەن لازىمەن .
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر :
مۇھەممەتىمىن بائىزى ،
سائادەتخان نىياز
توپلىغۇچى : تۇردى نىياز (ئاقسۇ شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ )
مۇھەررىرى : نۇرنىسا باقى

# يۇمۇرلار

ھاررى خانىم گېزىتتىن ناھايىتى ئېسىل ساقچى ئىتى سېتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنى سېتىۋېلىشقا پۇل ئەۋەتىپتۇ . ئەمما بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۆزىگە ئەكېلىپ بەرگىنىنىڭ بىر قوتۇر ئىتلىقىنى بايقاپتۇ ـ دە ، قاتتىق چېچىلغان ھالدا ئېلان بەرگۈچىنى سوراققا تارتىپ :

— شۇمۇ ساقچى ئىتىمۇ ؟ ئازراقمۇ ئوخشىمايدىكەن ! — دەپتۇ .

— سىز بىلەلمەپسىز ، ئۇ پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى ئىتى ، سالاھىيىتىنى يوشۇرۇشقا بەك ئۇستا ، — دەپتۇ قارشى تەرەپ ئۆزىنى ئاقلاپ .

* * *

باللار باغچىسىدىكى بىر توپ كىچىك دوستلار ساقچى ئىدارىسىغا كۆرگەزمىگە كېلىپ ، نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ . شۇ چاغدا بىر بالا تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ تامغا ئېسىلغان رەسىمىنى كۆرۈپ ساقچىدىن :

— بۇلار تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ساقچى .

— ئۇنداق بولسا ، ئۇلارنى رەسىمگە تارتقاندا نېمىشقا تۇتۇۋالمىدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى بالا .

* * *

بىر كۈنى بىر سېتىقچى ئايال خوجايىنىغا :

— خانىم ، مەندە «ئەر كىشى ئۆيىگە كېچىكىپ قايتقاندا كۆرسىتىدىغان 500 خىل باھانە ـ سەۋەب» دەيدىغان كىتاب بار ، سىز جەزمەن سېتىۋېلىشىڭىز كېرەك ، — دەپتۇ .

— قىزىق ، نېمىشقا جەزمەن سېتىۋالغۇدەكمەن !

— چۈنكى مەن بايىلا ئېرىڭىزگە بىرنى سېتىپ بەردىم ، — دەپتۇ سېتىقچى

* * *

ھايۋانات باغچىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ساياھەتچىگە :

— قورقماڭ ، بۇ شىر بەك ياۋاش ، ئېمىزگە بىلەن چوڭ قىلىنغان ، — دەپتۇ .

ساياھەتچى :

— مەنمۇ ئېمىزگە بىلەن چوڭ بولغان ، ئەمما مەن ھازىر گۆشكە بەك ئامراق ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

زۇمرەت غۇپۇر تەرجىمىسى

# ئاددىي رېتسېپلار

1 . كىمكى ناشتىدا تۇرۇپ يېيىشنى ئادەت قىلسا ، ئېغىزىدىن سۇ ئېقىش كېسىلىگە داۋا بولغاي ، مەيدىسى (ئاشقازىنى ) قۇۋۋەتلىك بولغاي ، ئەگەر ئۇنى پۇتوپ قالغان كىشى تۇرۇپ ئۇرۇقىنى سوقۇپ قاينىتىپ ، غەرغەر قىلسا ئۇنى ئېچىلغاي .

تۇرۇپنى قوي ئۆتى بىلەن قاينىتىپ ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە كۆكسىدىكى يەللەرنى ھەيدەيدۇ .

تۇرۇپنى يانجىپ سەپكۇنلۇك يۈزگە سۈتسە داۋا بولغاي .

تۇرۇپنى يەپ بەرسە بەلغەمنى سۈرگەي ، مەيدىنى پاك قىلغاي .

2 . ناشتىدا مۇناقى ئۈزۈمنى يېمەكنى ئادەت قىلسا ، ھەرگىز بەلغەم زەخمىنى كۆرمىگەي .

3 . ئاشقا سىركە قوشۇپ ئىچىشنى ئادەت قىلسا ، ۋۇجۇدىدا ھەرگىز يەل زەخمىتى قالمىغاي .

4 . لوقمان ھەكىم ئېيتۇر ، جۇۋىنە ئىسسىق بولۇپ ، ئىككى ھەسسە جۇۋىنىگە بىر ھەسسە شېكەر يا ھەسەل قوشۇپ يېسە ھەرقانداق تائام پات ھەزىم بولغاي . ھەركىمنىڭ زەخمىتى سوغۇق يەلدىن بولسا ، قۇرۇق ئىسسىق دورا بەرمەك كېرەك . قوي سۈتىنى ھەسەل بىلەن ئىچسۇن . دارچىننى قەلەمپۇر بىلەن ياكى قۇندۇز قەھرىنى ھەسەل بىلەن بەرمەك كېرەك . ئەگەر كىشىنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا ، سىركىگە شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئانار سۈيى بىلەن بەرسە داۋا بولغاي ، ئىسسىق يەل زەخمىتى كۆرمىگەي .

5 . ھەر كىمنىڭ ئەندامى ئىششىغان بولسا ، گۈلى رەيھاننى سوقۇپ ئەندامىغا ياقسا دەرھال شىپا تاپقاي ، ئىششىقى يانغاي .

6 . ھەركىمنىڭ چىشى ۋە چىشىنىڭ تۈۋى ئاغرىسا قىزىل يېسىمۇق ، ئانار پوستى ، نۆشۇدۇر ۋە زەپىراننى ئۇن قىلىپ چىشىنىڭ تۈۋىگە باسسا ئاغرىق توختىغاي ، چىشى مەھكەم بولغاي ، چىشنى قۇرت يېمىگەي .

7 . ئامۇتنىڭ ئۇرۇقىنى پىشۇرۇپ يېسە مەيدە ئاغرىقىغا داۋا بولغاي .

قۇلىقى ئىششىتمەس بولسا ، ئامۇت ئۇرۇقىنىڭ يېغىنى تېمىتسا توسالغۇلارنى ئاچقاي .

8 . ھەركىمنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقسا ، ئۆچكە يۇلۇننى پىلتە قىلىپ كۆزىگە قويسا داۋا بولغاي .

9 . ئەگەر كىشىگە ئوغا بەرگەن بولسا ، ئوغلاق قېنىنى ئىسسىق ئىچكۈزسە داۋا بولغاي .

10 . ئەگەر كىشى ئۆچكىنىڭ ئۆتىنى قېشىغا سۈرتسە ، قېشى قارا بولغاي .

11 . ئەگەر كىشى ئۆچكىنىڭ جىگىرىنى پىشۇرۇپ ، قۇرۇتۇپ ئاندىن كۆيدۈرۈپ ، يۇمشاق سوقۇپ كۆزىگە سالسا ، شەپكورلۇققا (نامازشام قارىغۇسىغا ) داۋا بولغاي .

12 . توشقان مېڭىسىنى سىگەك ئايالغا بەرسە شىپا بولىدۇ .

13 . ھەركىمنىڭ ئېڭىكى چۈشكەن بولسا ، گۈلاپنى غەرغەر قىلسا ئېڭىكى ئورنىغا چۈشكەي .

14 . كىشى ئارسلان (شىرنىڭ كۈچۈكى ) گۆشىنى پىشۇرۇپ يېسە ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ .

15 . چاشقان مايىقىنى پېشابى تۇتۇلغان كىشىنىڭ ئەندامىغا قويسا دەرھال پېشابى كەلگەي .

16 . ھەرىنىڭ كۆنىكىنى قاينىتىپ تائامغا قوشۇپ يېسە يەل زەخمىتى كۆرمىگەي .

17 . كىشىنى يىلان ـ چايان چاققان بولسا ، تووگۈزنىڭ باغرىنى بەرسە داۋا بولغاي .

18 . خوتۇن كىشىنىڭ قورسىقىدا بالىسى ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ ئۇنى بىلەي دېسە ، ئۆمۈچۈكنى قومۇشنىڭ ئىچىگە سېلىپ قومۇشنىڭ بىر ئۇچىنى خوتۇن كىشىنىڭ قورسىقىغا قويۇپ ، يەنە بىر ئۇچىنى قول بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ قارىغاندا ، ئۆمۈچۈكنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا ھامىلە ئوغۇل ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېشىل بولسا قىزدۇر .

19 . شەپەرەڭنىڭ مېڭىسى يېرىمى ئاق ، يې-
رىمى قىزىل ئىككى خىل بولىدۇ . مېڭىسىنىڭ
ئاق قىسمىنى تۈك ئۈنمىگەن يەرگە سۈرتسە تۈك
ئۈنگەي ، يېشىلىنى تۈك ئۈنىدىغان يەرگەن سۈرت-
سە تۈك ئۈنمىگەي . ئەگەر كىشى شەپەرەڭنى
كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزىگە
سۈرتسە ، كۆزىگە ئاق چۈشكەن بولسا داۋا بول-
غاي .

20 . ئەگەر كىشى يىلان گۆشىنى يېسە جە-
مى ئىللەتلەردىن ئېمىن بولغاي . يىلان تېرىسىنى
كۆيدۈرۈپ زىغىر يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھەر
يەرگە سۈرتسە تۈك ئۈنگەي . يىلان قېنىنى چاش-
قان قېنىغا قوشۇپ ھەرقانداق جاراھەتكە سۈرتسە
داۋا بولغاي . يىلان سۆڭىكىنى ياكى تېرىسىنى
تەپكە تاڭسا تەپنى ئالغاي . خوتۇن كىشى تۇغماس
بولسا ، يىلان مېڭىسىنى يېسە تۇغار ، ھەرگىز
تەشۋىش كۆرمىگەي ، يىلاننىڭ تېرىسىنى ئېزىپ ،
كۆزگە سۈرتسە كۆز روشەن بولغاي ، ھەرگىز
كۆز ئاغرىقى كۆرمىگەي .

21 . كىشىنىڭ يۈزى تولا ئاغرىسا ، ئىتنىڭ
قېنىنى سۈرتسە داۋا بولغاي .

ئىت تېرىسىگە كىرسە بەدەندىكى ئاغرىقنى
ئالغاي .

غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشى ئىتنىڭ
باغرىنى پىشۇرۇپ يېسە داۋا بولغاي . ئادەمنىڭ
چىچىنى ئۈچ كۈن سىركىگە چىلاپ ئېلىپ ، غال-
جىر ئىت چىشلىگەن يەرگە سۈرتسە ئوخشاشلا
مەنپەئەت قىلۇر .

ئىتنىڭ تىلىنى قۇرۇتۇپ ئادەم ۋە ھايۋانلار-
نىڭ ھەرقانچە ئېغىر ساقايماس جاراھىتىگە سەپسە
ياكى ئىتنىڭ سۆڭىكىنى كۆيدۈرۈپ سەپسە شىپا
تاپقاي .

مەزلۇمنىڭ بالىسى ئىچىدە ئۆلگەن بولسا ،
ئىتنىڭ سۈتىنى ھەسەل بىلەن قايناتىپ بەرسە
دەرھال چۈشكەي .

22 . قۇشقاچ گۆشىنى كۆپ يېسە مەيدىنى
قۇۋۋەتلىك قىلۇر . شەھۋەتنى زىيادە قىلۇر .
بىسيار سېمىز قىلۇر ، يېگەن تائام پات سىڭگەي .
ئوق ، قىلىچ يارىسىغا قۇشقاچنى يېرىپ تاڭسا ،
يارا ئېغىزى تېز پۈتكەي .

23 . ئەگەر كىشىنىڭ بوغۇزى چىققان بولسا
تۆت مىسقال مۇچ ، تۆت مىسقال زەنجىۋىل ، تۆت
مىسقال جۇۋنە ھەم تۆت مىسقال كۈزگى بۇغداي-
نىڭ ئۈنىنى جەم قىلىپ قوينىڭ كېكىرتىكىگە
يەتتە ئۈن يا تۆت كۈن يا يىگىرمە بىر كۈن تېڭىپ
پىشۇرۇپ يېسە داۋا بولغاي ھەم ئاندىن يېڭى
تۇغۇلغاندەك بولغاي .

24 . مايمۇن گۆشىنى پىشۇرۇپ قۇرۇتۇپ
شېكەر بىلەن يېسە قەي قىلۇرى شىپا تاپقاي .

25 . كىشىنىڭ ئۆزى ئاغرىسا ، ئەشنىزنى
گۇلاپ بىلەن ھەل قىلىپ كۆزىگە سۈرتسە كۆز
ئاغرىقى ئەمىن تاپقاي .

26 . يۆتەل كىشى بۇغداي بىلەن ئاق قۇرۇق
ئۆززۈمنى سۇدا پىشۇرۇپ سۈيىدىن جۇدا قىلىپ ،
ئۈچ كۈن ياتاردا يەپ ياتسۇن ، يۆتەل بىر تەرەپ
بولغاي . يامان يۆتەل بولسا ، قوينىڭ قۇيرۇقىنى
كالا سۈتىدە پىشۇرۇپ يېسە داۋا بولغاي .

27 . توخۇ مېڭىسىنى ياسمۇق يېغى بىلەن
قايناتىپ قۇلىقىغا تېمىتسا ، قۇلاق ئاغرىقى شىپا
تاپقاي .

28 . رەيھاننى تازا ياغ بىلەن ئىلەشتۇرۇپ
چېچىغا سۈرتسە قارا بولغاي .

ئوغۇل - قىز چۈشىدە قورقار بولسا ، بىر
مىسقال رەيھان بىلەن بىر مىسقال تۇرۇپ ئۇرۇ-
قىنى قوشۇپ يېسە قورقمىغاي .

رەيھاننى قۇرۇتۇپ ئۇن قىلىپ قۇلىقىغا
سالسا ئۇن يىلىلىق ساغرۇ بولسا ئېچىلغاي .

مەزلۇم كىشى تۇغماس بولسا ، رەيھان
ئۇرۇقىنى يانچىپ ئىچ يېرىگە قويسا پەرزەنتلىك
بولغاي .

شەقىقە ئاغرىقلىق كىشى رەيھاننى لالە سۈيى
بىلەن قايناتىپ بېشىنى يۇيۇپ بەرسە داۋا بول-
غاي ، چېچى قارا بولغاي .

توپلىغۇچى : **غالىبجان تۇرسۇن**
(گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇ-
پەتتىش ئىشخانىسىدىن)

مۇھەررىرى : **يۈسۈپ ئىسھاق**

# مەسەلەر

## مۈشۈك بىلەن چاشقان

بىر كۈنى چاشقان قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن كاماردىن چىقىپ ئېتىز قىرنى بويلاپ خاماندىكى بۇغدايغا قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا مۈشۈك چاشقاننى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. چاشقان ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن مۈشۈككە مۇنداق دەپتۇ:

— مۈشۈك ئاكا، سىز مېنى يېسىڭىزمۇ قورسىقىڭىز تويمايدۇ. ئاۋۇ يەردە مېنىڭ كۆپلىگەن دوستلىرىم بار. مەن سىزنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ باراي، ھەممىمىزنى يەڭ، قورسىقىڭىز ئاسانلا تويىدۇ.

چاشقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۈشۈك ئاشۇ چاشقانلارنى يەپ بىراقلا تويمايمەنمۇ، دەپ ئويلاپ چاشقاننى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. چاشقان بىردەم مېڭىپلا كامىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مۈشۈك خېلى ئۇزۇن ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ چاشقان چىقماپتۇ. بىر چاغدا چاشقان:

— ھەي ئەخمەق مۈشۈك، بىزنى چىقامدىكىن دەپ خام - خىيال قىلما، — دەپتۇ. مۈشۈك شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

## ئىت بىلەن قوي

بىر كۈنى قوي پادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىت يېنىدىكى قويغا قاراپ مەغرۇرلانغان ھالدا:

— بىز ئىككىمىزنىڭ بوي - تۇرقى ئوخشاش، لېكىن سەن بىر قېتىمدا ئاران بىرنى تۇللەيسەن، مەن بىر قېتىمدا يەتتە - سەككىزنى كۈچۈكلەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوي:

— راست ئېيتىسەن، ئىككىمىزنىڭ بوي تۇرقىمىز ئوخشاش. مەن بىر قېتىمدا بىرنى تۇللەيمەن، سەن يەتتە - سەككىزنى كۈچۈكلەيسەن. لېكىن سەن بىزدەك كۆپىيەلمەيسەن بىز ئاز تۇغىمىز، ئاسان كۆپىيىمىز، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ قوي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ناھايىتى ئىناق. ئاداۋەتسىز، توپ - توپ بولۇپ بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ ياشايمىز. سىلەر يەتتە - سەككىزىڭلار بىر قورساقتىن تۇغۇلساڭلارمۇ بىر - بىرىڭلار بىلەن چىقىشالمايسىلەر، سۆڭەك تالىشىپ بىر - بىرىڭلارنى چىشلەيسىلەر، بوغۇشىسىلەر. ئىككىڭلار بىر يەرگە كېلەلمەيسىلەر، — بۇنى ئاڭلىغان ئىت قۇيرۇقىنى قىسىپ ئاستا كېتىپ قاپتۇ.

## خوراز بىلەن ئۆردەك

بىر كۈنى خوراز بىلەن ئۆردەك بىللە دانلىغىلى بېرىپتۇ. خوراز ئۆردەكنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ماڭالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ ۋە كۆل بويىدىكى ئالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىپ بىر نەچچىنى چىللىغاندىن كېيىن ئۆردەككە قاراپ:

— قارا ئاداش، مەن ھەم تېز ماڭالايمەن ھەم بۇركۈتتەك ئۇچالايمەن، ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، - دەپتۇ - دە، قانىتىنى كېرىپ بىر ئۇچقان ئىكەن، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ - دە، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا چۆكۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆردەك كۆلگە چۈشۈپ خورازنى قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوراز پەقەت چوڭچىلىق قىلمايدىغان بولۇپتۇ.

توپلىغۇچى: **تۇرسۇن ھەسەن**
(چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# ئىليار شاھ

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا چىمەنتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەر ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. بۇ شەھەردە ئەقىللىق، ئادىل، راستچىل، سېخىيلىقتا داڭ چىقارغان ئېليار ئىسىملىك بىر كىشى ھۆكۈم سۈرىدىكەن. بۇ كىشىنى شۇ سەھەردىكى كىشىلەر ئىليار شاھ دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيدىكەن. بۇ شاھ ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، تەلىپىنى ھەل قىلىپ قايتۇرىدىكەن، شۇنداقلا داۋاملىق ئۆز يېنىدىكى مۇلازىمەتچىلىرىگە، نۆكەرلىرىگە، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا ئادىللىق، ساداقەت، رەھىمدىللىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئىليار شاھ زېرىكىش ھېس قىلىپ، كۆڭلى شىكارنى تارتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر - سەركەردىلىرىنى چاقىرىپ، مەسلىھەت قىپتۇ.. ۋەزىرلەر ئىچىدە ئوردا ۋە خەلق ئارىسىدا «ئەقىلدار ۋەزىر» دەپ نامى چىققان بىر كىشى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ھەرقانداق نېرى - بېرى ئىشلىرى بۇ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىسىز بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن. ئەقىلدار ۋەزىر:

— خوش شاھ ئالىيلىرى، ئوۋ قىلىش، ساياھەت قىلىش ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ. بىراق سىلى شىكارغا چىقىپ كەتسىلە شەھىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنى كىم باشقۇرىدۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي ۋەزىرىم، مەن شۇنچە يىللار سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش قىلىپ ھازىرغىچە ھېچقانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچۇرىمىدىم. شۇڭا سىزنى ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بېكىتتىم، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ئېيتقانلىرىنى ئورۇنداشقا بېشىم بىلەن تەييارمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىليار شاھ» ئۈچ كۈن ئىچىدە شىكار تەييارلىقىنى تۈگىتىشنى بۇيرۇپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپتۇ، شاھ ۋەزىرلىرى ئىچىدە خۇشامەتچى، ھىيلىگەر، ھەسەتخور، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شاھلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش نىيىتىدە يۈرگەن بەكرى ئىسىملىك بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ شىكارغا چىقىشىغا بىر كۈن قالغاندا، پادىشاھ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئاياللىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، شىكارغا چىقماي ئوردىدا قېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن شاھ بەكرى ۋەزىرنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە چىقىشنى ئېيتىپتۇ. «بۇ شاھلىق بىركۈن بولمىسا بىركۈن مېنىڭ قولۇمغا كېلىدىغۇ، سېنى قاچانلا بولمىسا كۆزدىن يوقىتىمەن» دېگەن شۇم غەرەزنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشكەچ شاھنى ئۆلتۈرۈش تەييارلىقىنىمۇ پۈتتۈرۈپتۇ. پادىشاھ زور داغدۇغا بىلەن شىكارغا ئاتلىنىپتۇ، ئوردىدا قالغان ۋەزىر - ۋۇزۇرالار، ئەلەمدار - قەلەمدارلار پۈتۈن شەھەر پۇقرالىرى پادىشاھنى ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ شۇ ماڭغانچە بەش كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ يېشىل كۆل، سېرىق يايلاق قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ چۆل - جەزىرىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بوغا بوستان دەپ ئاتىلىدىغان ئەتراپى بۈك - باراقسان مەنزىرىسى گۈزەل بىر جايغا كەپتۇ.

پادىشاھ بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، مۇشۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئېلىشنى، سەيلە - ساياھەت قىلىشنى ئېيتىپتۇ، بۇيەرگە چېدىر - بەرگاھلىرىنى تىكىپتۇ. كۆپ يول يۈرۈپ ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن پادىشاھ ۋە ۋەزىر، نۆكەرلەر بىركېچە قانغۇدەك ئۇخلاپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ پادىشاھ بىر قىسىم ئا-

دەملەرنى ئوۋ ئوۋلاشقا بۇيرۇپتۇ. بىر كۈن ئوۋ قىلىش ئارقىلىق ھەركىم ئۆزىنىڭ تۇتۇپ كەلگەن كىيىك، جەرەن، بۇغا ـ مارال، جان ـ جانىۋارلىرىنى پىشۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى پادىشاھمۇ بىللە ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ. كەچتە ھەممە ئادەملەر چېدىرغا قايتىپ كەپتۇ. لېكىن پادىشاھ قايتىپ كەلمەپتۇ. پادىشاھنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن باشقىلار قاتتىق ئەنسىرىشىپتۇ.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى ھېيلىگەر ۋەزىر قاۋۇل ۋە يارامىلىق نۆكەرلەردىن بىرنەچچىنى ئېلىپ پادىشاھ كەتكەن تەرەپكە يول ئاپتۇ. تۈن يېرىمىغىچە ماڭغاندىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىپ ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشىگە كاشىلا قىپتۇ. بۇلار ئامالسىزلىقتىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بوپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بورانمۇ توختاپتۇ. ئازراق بىرنەرسە يېيىشىپ، بىر ئېگىز تاغقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا بىر ئويمانلىقتا قارا ـ قۇرا نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار يېقىن كېلىپ قارىسا پادىشاھ بىر ئېيىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان. ئېيىق بىردەم شاھنى بېسىۋالسا، بىردەم شاھ ئېيىقنى بېسىۋالغۇدەك. ئاخىرى ئېيىقتىن ئىلىيار شاھ غالىب كېلىپ ئېيىقنى جەھەننەمگە يولغا ساپتۇ. پادىشاھنى ئىزدەپ كەلگەنلەر پادىشاھنىڭ ئىنتايىن قەيسەر پالۋان ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. نۆكەرلەر ئۆلتۈرۈلگەن ئېيىقنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ چېدىر ـ بارگاھىغا قايتىپتۇ.

ۋەزىر، سەركەردە، نۆكەرلەر پادىشاھنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىگە بارىكاللا ئېيتىپ ئوۋلاپ كېلىنگەن غەنىيمەتلەر بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئىلىيار شاھ ئۇلارنى ئۇخلاشقا بۇيرۇپتۇ. ئۆزىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بوپتۇ. شۇ ئەسنادا بەكرىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. كۆڭلىدىكى ھەسەتخورلۇق ئوتى تېخىمۇ ئۆلغىيىپ پادىشاھنى قانداق ئاماللار بىلەن ئۇجۇقتۇرۇش يوللىرىنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

پادىشاھ بىلەن شىكارغا چىققانلار ئىچىدە ھوقسوپۇم دېگەن ئادەم بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلاپتۇ. بۇ، قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان بەكرى كېچە تۈزگەن پىلانى بويىچە تاھارەت ئالىدىغان ئاپتۇۋىغا ئۆيدىن ئېلىۋالغان ئوغنى تۆكۈپ قويۇپ پادىشاھنى نامازغا ئويغىتىپتۇ، پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن ئاپتۇۋىغا سۇ قۇيۇپ تەرەت ئېلىپ ئاغزىنى چايقىغاندا، بىر ئاچچىق پەيدا بولۇپ، كانىيىنىڭ كۆيگەندەك بولغانلىقىنى سېزىپتۇ ـ دە، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاۋازى چىقماپتۇ. بىللە كەلگەن ھەمراھلىرى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇشۇپ ئاپتۇۋىدىكى سۇنى تەكشۈرۈپ سۇدىن ھېچقانداق نەرسىنى بايقىيالماي جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئىشى دەپ قارىشىپ ئىسرىق ساپتۇ. تۈرلۈك ئاماللارنى قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ پادىشاھنىڭ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ تېنى ئاجىزلىشىشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داڭلىق ھېكىملارغا داۋالىنىپ ياخشىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئاۋازى بۇرۇنقىدەك راۋان ئېچىلماپتۇ. مۇشۇنداق كۈنلەردە ياركەنت خانلىقىنىڭ پادىشاھى لەشكەر باشلاپ كېلىپ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ئېلىيارشاھ ئوردىدا ئەقىلدار ۋەزىرنى بىر قىسىم لەشكەرلەر بىلەن قالدۇرۇپ ـ ئۆزى مىڭ لەشكەرنى باشلاپ قاقىر دېگەن يەرگە كەپتۇ. ياركەنت پادىشاھى قەھرىدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ ماڭا ئېيارشاھنى كۆرسەت، — دەپ سوراپتۇ.

— مانا مەن شۇ، — دەپتۇ ئېلىيارشاھ.

— بىز ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ قەھرىدىن.

— بىز ئۆزئارا بىھۇدە قان تۆكمەيلى، — دەپتۇ ئىلىيارشاھ.

قەھرىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ «بۇلار بىزدىن قورقتى» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىيار شاھ قوشۇنىغا ھەيۋە قىلىپ بىر سەركەردىسىنى سەپ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىپتۇ. ئېلىيارشاھمۇ بىر سەركەردىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ. ئىككى سەركەردە بىر بەس قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن قەھىردىن تەرەپتىن چىقىرىلغان سەركەردىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان تۇتۇشۇشتا قەھرىدىننىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرى يەر چىشلەپ جەھەننەمگە

سەپەر قىپتۇ .

قەھرىدىن پۇقرالارغا سالغان جەبىر – زۇلۇمىغا يۇزمىڭ پۇشايمان قىپتۇ . ئەمما پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا چىقماپتۇ . تەكلىماكاننىڭ چۆل – جەزىرە قۇملۇقلىرىدا ئۆلۈپتۇ . ئېليار شاھ جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قەھرىدىن تەرەپتىن تۇتقۇنغا ئېلىنغان لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ دەرد – ئەھۋالىنى تىڭشاپتۇ ۋە ئۇلاردىن لەشكەر بولۇپ قېلىش ياكى ئۆز يۇرتىغا كېتىشنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپتۇ . لەشكەر بولۇشنى خالايدىغانلارنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىپتۇ . يۇرتىغا قايتىدىغانلىرىغا پۇل – پۇچەك بېرىپ يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپتۇ . بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن زور داغدۇغا بىلەن چىمەنتاغقا قايتىپتۇ .

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئېليار شاھ قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ . چىن ماچىن قاتارلىق جايلاردىن ھەرخىل دورا – دەرمانلارنى ئەكېلىپ داۋالىتىپتۇ ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ . ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى غېرىب – مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىپ بېقىپتۇ . نەزىر – چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ ، بۇمۇ كار قىلماپتۇ . بىر كۈنى بىر قەلەندەر ئوردا دەرۋازىسى دۇئاتلاۋەت قىپتۇ . ئېليارشاھ قەلەندەرنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇستىدىكى توننى سەدىقەقىلىپتۇ . قەلەندەر ئېگىلىپ :

— ھەر كىم ياخشىلىق – يامانلىقنى قىلغايكى ئۆزىگە ، ئېشىپ كەتسە ، پەرزەندىسىگە ، — دەپ دۇئا قىلىپ يەرنى سۆيۈپ قايتىشقا تەمشەلگەندە ، ئېليار شاھ قەلەندەرگە يېنىغا پات – پات كېلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ .

بىر كۈنى ئېليار شاھ ناھايىتى بىئارام بولۇپ ، كېسەل ئازابى جېنىغا تېگىپ قىيناپتۇ . ئېليار شاھنىڭ كۆڭلىگە يەنە ھېلىقى قەلەندەرنىڭ ھېكمەتلىك دۇئاسى كېچىپتۇ – دە ، قەلەندەرنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . خىزمەتچىلەر قەلەندەرنى تېپىپ كەپتۇ . قەلەندەر كەلگەندىن كېيىن ئېليار شاھ بېشىغا كىيگەن تاج ، ئالتۇن – كۇمۇش ، بىر قۇر كىيىم – كېچەكنى سەدىقە قىلىپ دۇئا تەلەپ قىپتۇ . قەلەندەر يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا «ھەركىم ياخشىلىق – يامانلىقنى قىلسا ئۆزىگە ، ئېشىپ كەتسە ، پەرزەندىسىگە» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغاندىن كېيىن يەرنى سۆيۈپ چىقىپ كېتىپتۇ . قەلەندەرنىڭ ئالغان ئىنئامىغا بەكرى ۋەزىرنىڭ قاتتىق ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپ پادىشاھقا كۆيۈنگەن قىياپەتتە :

— نېمىلا ئالسا تېپىۋالغىنى ئاشۇ بىرلا گەپ . ئادەم جان بىلەن قېلىۋاتسا ، ئوڭلاپ ئىككى ئېغىز تەسەللى ئېيتماقتا يوق ، دادىسىغا – بالىسىغا دېگەننى تەكرارلاۋېرىدىكەن . ئەمدى كەلسە ھېچ نەرسە بەرمەي قايتۇرۇش كېرەك ! — دەپتۇ . ۋە قەلەندەر بوۋاينىڭ يەنە كېلىشىگە ھەسەت قىلغان بەكرى ئۇنىڭغا ئاتاپ زەھەر سېلىپ نان ياقتۇرۇپ قويۇپتۇ . كۈنلەردە بىر كۈنى قەلەندەر بوۋاي كەپتۇ . بەكرى زەھەر سېلىنغان نانلارنى بېرىپتۇ . بىلىپ بىر كۈنى ئېليار شاھ ئوردىدىكى پۈتۈن ۋەزىر – سەركەردىلىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ :

— مېنىڭ كېسىلىم ئېغىرلىشىۋاتىدۇ ، شۇڭلاشقا سىلەرگە ئازراق ئارزۇيۇمنى ئېيتىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم . چىمەنتاغدىكى بارلىق زېمىن بىزگە بويسۇنىدۇ . پۈتۈن خەلق بىزگە قارايدۇ . بۇنداق بولغانىكەن ، بىزمۇ يۇرتىمىزغا ، پۇقراغا باش پاناھ بولمىقىمىز ۋە پۇقرانىڭ دەردى – ھالىغا يەتمەكلىكىمىز لازىمدۇر . ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم روھلۇق بولۇڭلار ، بىر – بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار . باشقا جايلاردىن بىلىم ئىگىلىرىنى تەكلىپ قىلىڭلار ، مەدرىس سالدۇرۇڭلار ، گۆدەكلەرنى يىغىپ ئاغزىغا ئىلىم سالدۇرۇڭلار ، يۇرت خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇڭلار ، خەلققە پايدىلىق ئىشنى قىلىڭلار ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراڭلار . ئەقىلدار ۋەزىر يۇرت ئاتىسى بولسۇن . بەكرى ۋەزىر بارلىق لەشكەرلەرگە باشچىلىق قىلسۇن . ھەيدەر ۋەزىر خانلىق خەزىنە ئىشلىرىغا ۋە باش ئەقىلدار ۋەزىرگە مەسلىھەتچى بولسۇن ، — دەپتۇ – دە ، ئېغىر – ئېغىر ئىككى ئۇچ نەپەس ئېلىپلا كۆز يۇمۇپتۇ .

بەكرى لەشكەر باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۆرەڭلەپ ، ئەقىلدار شاھنىڭ ۋە ھەيدەر ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماي ، پۇقرالارنى خىلمۇ خىل سېلىقلار قىستاپ ، ئۇرۇپ – سوقۇپ زۇلۇم سېلىپ ، ھەتتا گۇناھسىز پۇقرالارنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپتۇ . بۇنىڭ زور-

لۇق ـ زومبۇلۇقىدىن يوغانراق تىنىش ۋە كۆلۈشكە ئورۇن قالماپتۇ .

بەكرى ئەقىلدار شاھ بىلەن ھەيدەر ۋەزىرلەرنى زىنداندا تاشلاپ پۈتۈن ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈپ ، ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلاپتۇ . ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ . يۇرت خارابىلىشىشقا باشلاپتۇ . بەكرى خەلققە سالغان زۇلۇمىنى ئاز دەپ ، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن شىكارغا چىقىدىغان بوپتۇ . بارغان يېرىدە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ھەممە نەرسىنى بۇلاپ خەلقنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇپتۇ . بىر دېھقاننىڭ «جانان» ئاتلىق بىر قىزىنى مەجبۇر نىكاھىغا ئاپتۇ ۋە بىر جۈپ ئوغۇل كۆرۈپتۇ . بۇ بالىلار بەك ئوماق ، ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ .

بەكرى بىر كۈنى شىكارغا چىقىدىغان بولۇپتۇ ، بۇ ئىككى ئوغۇل دادىسىغا ئېسىلىپ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ .

بەكرى بالىلىرىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشىغا چىدىماي خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ داغدۇغا بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ .

بەكرى بۇ قېتىمقى سەپىرىدە بىر ئايلىق ۋاقىتنى پىلانلاپ يول بويى سەيلە ـ ساياھەت قىپتۇ . بۇلار توققۇز كۈن يول يۈرۈپ يامبۇ كۆل دېگەن يەرگە بارغاندا كۈن كەچ بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ھاۋانى توپا ـ چاڭ قاپلاپتۇ . يول يۈرۈشتىن قورقۇپ بىر خارابە ئۆيگە كىرىپ يېتىپتۇ ، ئادەملەر ئات ـ ئۇلاغقا قاراپ تالادا يېتىپتۇ . تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا قاتتىق بوران چىقىپ دەل ـ دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ . بەكرى تاڭ ئاتقاندا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ، ھەمراھلىرى ئات ـ ئۇلاغلىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپتۇ .

بەكرى ئەر ـ خوتۇن ئىككى بالىسى بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ مېڭىپتۇ . ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ . بەكرى خۇدادىن پاناھ تىلەپ ئەتراپقا قارىغانىكەن . بىر يەردە ئىس ـ تۈتەك كۆرۈنۈپتۇ . بىر ھازا يول ماڭغاندىن كېيىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ ـ دە ، كېلىپ قارىسا ، بەللىرى مۈكچەيگەن قېرى قەلەندەر ئىكەن . بۇ بوۋاي ھېلىقى قەلەندەر بولۇپ ، ئۇ بەكرىنى تونۇپتۇ ـ يۇ ، تونۇشلۇق بەرمەپتۇ . بەكرى تونۇماپتۇ . بەكرى :

— سەن قايسى زاماندىن بۇيان بۇ چۆلدە ياشاپ كېلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بىز ئەر ـ خوتۇن ياش چېغىمىزدىن تارتىپلا بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ كالا ـ پادىسىنى بېقىپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي .

— سەندە يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ ؟ بار بولسا بەر ! — دەپتۇ بەكرى .

— سىلىدەك ئەزىز مېھمانغا يېگۈدەك نەرسە چىقىپ قالار ، — دەپتۇ بوۋاي ۋە سۇ ، كۆمۈپ پىشۇرغان نانلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ . بەكرى ۋە بالىلىرى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەپ ـ ئىچىپتۇ .

بوۋاينىڭ ئايالى بۇلارغا ئىچى ئاغرىپ تەشلىسىگە ئۇن بېسىپ خېمىر يۇغۇرماقچى بولغاندا ، بوۋاي مومايغا :

— بىر كۈنلەردە بىرەر ئابرۇيلۇق ئادەملەر كېلىپ قالسا ، ئالدىغا ئېلىپ چىققۇدەك نان ، دەپ ئۈچ ناننى دەستىخانغا يۆگەپ ئېسىپ قويىۋاتاتتىڭ ، قېنى شۇ ناننى ئېلىپ چىقمامسەن ! — دەپتۇ .

موماي ئۆيدىن داستىخانغا يۆگەلگەن ناننى ئاچىقىپ بەكرىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . ئۇلار نانىنىڭ قاتتىقلىقىغا پەرۋا قىلماي قاراسلىتىپ يەپ كېتىپتۇ . ئاچارچىلىق دەستىدىن بىر پىيالە چاي ئىچىم ئارىلىقىدا بەكرى ، ئايالى ۋە ئىككى بالىسى مەڭگۈ ئويغانماس ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ يېگىنى دەل ۋەزىر زەھەر سېلىپ ياقتۇرۇپ قەلەندەر بوۋايغا بەرگەن ھېلىقى نانلار ئىكەن .

ئەقىلدار ۋەزىر بىلەن ھەيدەر زىنداندا بىر مەزگىل ياتقاندىن كېيىن ، تامنى تېشىپ چىقىپ تاغلاردا سەرسان بولۇپتۇ .

«بېشى يوقنىڭ ئۈچى يوق» دېگەندەك يۇرت خەلقى بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە چىدىماستىن باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قاپتۇ . «چىمەنتاغ» نىڭ بۆك ـ باراقسان ئورمانزارلىرى ، ھەشەمەتلىك سارايلىرى قۇم باراخانلىرى ئاستىدا قېلىپ ، شەھەرنىڭ ئېتى قېلىپ ئورنى يوقاپ كېتىپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى : **ھاشىم ياسىن**
(بۇگۇر دادۇلان يېزا باغبويى كەنتتىن )

توپلىغۇچى : **ئابدۇرېھىم رەھىم**

مۇھەررىرى : **ئەسقەر مەخسۇت**

# شەجەرەئى تۈرك[①]

ئەبۇلغازى باھادىرخان

## چىڭگىزخاننىڭ تولىخاننى خۇراسان ئۈستىگە ئەۋەتكەنلىكىنىڭ زىكرى

خانى كىشۋەرىستان بەلخنى ئالغاندىن كېيىن تولىخاننى خۇراسان ئۈستىگە ئەۋەتتى. تولىخان چىڭگىزخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئوندىن بىرى — سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن مەرۋى ئۈستىگە ئاتلاندى. ئۇ چاغدا خۇراسان بەكمۇ مەمۇرچىلىق ئىدى. خۇسۇسەن مەرۋىنىڭ دېھقانلىرى نېمەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ ئۆزلىرىنى پادىشاھلاردىن، بەگلەردىن ئارتۇق تۇتاتتى. شۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەد مەجدۇل (مەجرۇل) مولىك دېگەن كىشىنى مەرۋىگە ھاكىم قىلغانىدى. مەجدۇل مولىكتىن بىر گۇناھ سادىر بولدى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان مۇھەممەد مەجدۇل مولىكنى مەرۋىنىڭ ھاكىملىقىدىن چىقىرىپ، بەھائىل مولىك دېگەن كىشىنى مەرۋىگە ھاكىم قىلدى. مەجدۇل مولىك سۇلتان مۇھەممەد ئىراققا بارغاندىن كېيىن سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە بارغانىدى. بىر چاغدا موغۇل لەشكەرلىرى خۇراسانغا كەلگەنلىكىنىڭ خەۋىرى ئىراققا يەتتى. سۇلتان مۇھەممەد مەرۋى ھاكىمىغا «ھەرقانداق چاغدا موغۇل لەشكەرلىرى ئۈستىڭلارگە كەلسە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماڭ، ئۇلارغا ئەل بولۇپ مەرۋىنى ئۇلارغا بېرىڭ» دەپ يارلىق ئەۋەتتى. بۇ يارلىق مەرۋى ھاكىمىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بەھائىل مولىك مەرۋىدە تۇرۇشنى لايىق كۆرمەي يازەر قەلئەسىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. بىرنەچچە خەلق ئۆزگە ۋىلايەتلەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئەجىلى يەتكەن بىرنەچچىسى مەرۋىنىڭ ئىچىدە قالدى. شۇ چاغدا تولىخاننىڭ لەشكەرلىرىدىن ئىككى سەردارى نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن مەرۋىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ چۈشتى. بەھائىل مولىكنىڭ نائىبى شەيخۇل ئىسلام تامامى خەلق بىلەن قەلئەدىن چىقىپ، سەردارلارنى كۆرۈپ ئەل بولۇپ، مال بەردى. نويالارمۇ بۇ ماللارغا رازى بولۇپ مەرۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ زاماندا سۇلتان مۇھەممەدنىڭ بۇقا تۈركمەن دېگەن باشچىسى بارئىدى. ئۇ مەرۋىنىڭ بىر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقانىدى. موغۇل لەشكەرلىرى كەتكەندىن كېيىن ئۇ يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ بىرنەچچە تۈركمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ مەرۋىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئاندىن كېيىن ھەريەرلەردە قېچىپ يۈرگەن تۈركمەن، تاجىك ۋە سۇلتاننىڭ نەۋكەرلىرى بۇقا تۈركمەننىڭ يېنىغا يىغىلىپ خىزمەت كەمەرلىرىنى بەللىرىگە باغلاشتى. بۇقانىڭ لەشكەرلىرى ھېسابسىز كۆپەيدى. سۇلتان جەزىرەئى ئەبىسكۇندا دارۇل فانادىن دارۇل باقىيگە رىھلەت قىلغاندىن كېيىن، مەرۋىنىڭ ئاۋۋالقى ھاكىمى مەجدۇل مولىك بىر قېچىرنى مىنىپ ئىراقتىن مەرۋىگە كېلىپ چۈشتى. بۇقا تۈركمەن ھاكىملىق زەۋقىدىن مەجدۇل مولىكنى مەرۋىگە كىرگۈزمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەجدۇل مولىك ھەرخىل ھىيلىلەر قىلىپ مەرۋىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. مەرۋىنىڭ بۇقا باشلىق جىمى خەلقى مەجدۇل مولىككە بويسۇنۇپ ئۇنى ھاكىم قىلىپ كۆتۈردى. شۇ چاغدا سەرەخس خەلقى موغۇلغا بېقىنغانىدى. موغۇللار سەرەخسنىڭ شەيخۇل ئىسلامىنى سەرەخسكە ھاكىم قىلغانىدى. مەرۋىنىڭ شەيخۇل ئىسلامى مەجدۇل مولىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ سەرەخسنىڭ شەيخۇل ئىسلامىغا خەت ئەۋەتتى. مەجدۇل مولىكنىڭ كىشىلىرى شەيخۇل ئىسلامنىڭ كىشىسىنى تۇتۇپ خەتنى ئېلىپ مەجدۇل مولىككە ئەۋەتتى. مەجدۇل مولىك بۇ خەتنى كۆرۈپ شەيخۇل ئىسلامنى ئۆلتۈرۈپ ئايىغىدىن

① بېشى ئالدىنقىساندا

سۈرتىپ چارسۇغا (تۆت كوچا ) تاشلاتقۇزۇۋەتتى . بۇ هالدا مەرۋىنىڭ كېيىنكى هاكىمى بەهائىل مولك يازىر قەلئەسىگە بېرىپ چۈشتى ، دېگەن ئىدۇق . ئۇ يازىردىن چىقىپ مازاندارانغا بېرىپ موغۇل ئەمىرلىرىگە مەرۋىدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ : «ماڭا لەشكەر قوشۇپ بېرىڭلار ، مەن بېرىپ مەرۋىنىڭ خەلقىنى سىزلەرگە بويسۇندۇرۇپ ، هەر يىلى ئۆي بېشىدىن بىر تونلۇق بۆز ئېلىپ بېرىمەن» دېدى . موغۇلنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا يەتتە مىڭ كىشى قوشۇپ مەرۋى تەرەپكە ئەۋەتتى . بەهائىل مولك يەتتە مىڭ موغۇل بىلەن ئاتلىنىپ شەهرىستان دېگەن يەرگە كەلدى . ئۇ يەردە مەجدۇل مولك سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن هاكىم بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ ، دېگەننى ئاڭلىدى . بەهائىل مولك بىر موغۇل بىلەن بىر قولىدىن مەجدۇل مولككە خەت ئەۋەتىپ «موغۇل لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى بولمايدۇ ، مەن يەتتە مىڭ لەشكەر بىلەن كېتىۋاتىمەن ، ياخشىسى بىزگە بويسۇنۇڭ» دېگەنلەرنى ئېيتتى . ئۇلار مەرۋىگە كېلىپ خەتنى مەجدۇل مولككە بەردى . مەجدۇل مولك بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاچچىقى كېلىپ بۇ ئىككى كىشىنى ئۆلتۈردى . يوللاردا قاراۋۇللارنى قويدى . بەهائىل مولك بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان يەتتە مىڭ موغۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، بەهائىل مۇلكنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزلىرى قايتىپ كەتتى . موغۇللارنىڭ خەۋىرى تەسكىن تاپقاندىن كېيىن مەجدۇل مولك مەرۋىنىڭ ياخشى خەلقلىرى بىلەن شاراب ئىچىپ ئىشرەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى . بۇ چاغدا ئامۇيا هاكىمى ئىختىيارۇددىن تۈركمەن بىرنەچچە تۈركمەنلەر بىلەن مەرۋىگە كېلىپ مەجدۇل مولككە «موغۇل لەشكەرلىرى مەرۋىنى قورشاپ ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋېتىپتىمىش ، بۇ لەشكەرلەرنىڭ بىر بۆلۈكى ئامۇياغا كەپتۇ . ئۆزۈڭ ئۆتمەي مەرۋىگىمۇ كەلگۈدەك» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى . مەجدۇل مولك بەك پەرىشان بولدى . قورشاۋغا كېرەكلىك قورال ـ ياراغ تەييارلىسۇن ، دەپ بۇيرۇدى . ئىختىيارۇددىن مەرۋىدىن قايتىپ يەنە بىر مۇنچە تۈركمەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ موغۇل لەشكەرلىرى بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىسىدىكى بىر چوڭ دەريانىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتى . موغۇل لەشكەرلىرىدىن سەككىز يۈزكىشى كېلىپ تۈركمەنلەرنىڭ مەهەللىسىگە هۇجۇم قىلدى . ئەسكەرلەر مەهەللىنى بۇلاپ ، خەلقنى ئۆلتۈرۈپ بەزىلىرىنى ئەسىر قىلدى . شۇ چاغدا تولىخان نەسەي ، ئابىۋەرد ، سەرەخس ۋە خۇراساننىڭ يەنە نەچچە ۋىلايەتلىرىنى ئېلىپ مۇهەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا تارىخ هىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز ئون سەككىزىنچى يىلى (مىلادىيە 1221 ـ 1222 ـ يىللار ـ ت ) هەددى ـ هېسابسىز لەشكەر بىلەن مەرۋىنى قورشاشقا كېلىپ چۈشتى . مەرۋىنىڭ ئىچىدىن لەشكەر چىقىپ ئۇرۇش قىلدى . بىر سائەتتە موغۇلدىن مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى . يىگىرمە بىركۈن ئۇرۇشتى . ئاخىرى تولىخان ئاچچىقلىنىپ ، ئاتتىن چۈشۈپ قالقىنىنى بېشىغا تۇتۇپ ، پىيادە مەرۋىنىڭ دەرۋازىسىغا يۈگۈردى . تامامى موغۇل خاننىڭ ئارقىدىن يۈگۈردى . بۇ هالدا مەرۋىدىن چىقىپ ئۇرۇشۇۋاتقان سەكسەن مىڭ كىشى قېچىپ قەلئەگە كىرىۋالدى . موغۇللار قەلئەنى يۈز سەپ ، ئىككى يۈز سەپ بولۇپ قورشىدى . مەجدۇل مولك بۇ لەشكەرلەرگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆردى . ئاندىن كېيىن نۇرغۇن سوۋغاتلاربىلەن قەلئەدىن چىقىپ خاننى كۆردى . خان مەجدۇل مولكدىن شەهەرنىڭ مېلىنى ۋە خەزىنىسىنى تەلەپ قىلدى . ئىككى يۈز موغۇلنى ئۇنىڭغا قاراشنى بۇيرۇدى . ئاندىن شەهەرنىڭ خەلقىنى سەهراغا چىقىرىڭلار ، دەپ يارلىق قىلدى . تۆت كۈندە خەلقنى شەهەردىن سەهراغا چىقىرىپ بولدى . هۈنەرلىك كىشىدىن تۆت يۈز كىشىنى ئېلىپ قالدى . ئاندىن ئۆزگە ئەرۋ ـ خوتۇن ، ئۇششاق ـ چۈششەكلەرنىڭ هەممىسىنى لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلدى . هەر موغۇلغا تۆت يۈز كىشى تەگدى . هەركىشى ئۆزىگە تەگكەن ئۇلۇشىنى ئۆلتۈردى . سەييىد ئىزىددىن دېگەن كىشى بىرنەچچە دىۋانىلار بىلەن مەرۋىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنى خەتكە ئالدى . سەهرادا ئۆلگەنلەردىن باشقا شەهەر ئەتراپىدا ئۆلگەنلەرنى ئون ئۈچ كۈندە خەتكە ئېلىپ بولدى . ئۆلگەنلەر بىر مىليون ئۈچ يۈزمىڭ كىشى بولدى .

ئەلقىسسە ، موغۇللارخان هۆكمى بىلەن مەرۋىنىڭ قەلئەسىنى ۋە ئىمارەتلىرىنى شۇنداق ۋەيران قىلدىكى ، هېچ نىشان قالمىدى . مەرۋىنىڭ هاكاۋۇرلىرىدىن ئەمىر زىيائىددىن دېگەن كىشى بار ئىدى . ئۇنى مەرۋىگە هاكىم قىلدى . قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغان خەلق بىلەن

دېھقانچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلار ، دەپ بارماس دېگەننى ئۆلارغا دارۇغا قىلدى . يەنە ئۆزى ئاتلىنىپ نىشاپۇر تەرەپكە راۋان بولدى . ئاندىن كېيىن مەرۋىگە ئۈچ قېتىم خەلق يىغىلدى . يەنە قىرىلدى . ھەرقىرغىندا ئەللىك مىڭ ، ئاتمىش مىڭ كىشى ئۆلدى .

## تولىخاننىڭ نىشاپۇرغا بارغانلىقىنىڭ زىكرى

مەرۋىنى ئالغاندىن كېيىن تولىخان ئاتلىنىپ نىشاپۇرغا كەلدى . نىشاپۇر خەلقى قازىلىرىنى خانغا ئەۋەتىپ ئامانلىق تىلىدى . خان ئامانلىق بەرمىدى . ئاندىن ئۇلۇغ ئۇرۇش بولدى . نىشاپۇرنى ئالدى . يەنە خەلقنى قەتلىئام قىلدى . ئاياللار ۋە كىچىك باللاردىن باشقا بىر مىليون يەتتە يۈز قىرىق مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى .

## تولىخاننىڭ ھىراتقا بارغانلىقىنىڭ زىكرى

تولىخان نىشاپۇرنى خاراب قىلغاندىن كېيىن ھىرات ئۈستىگە يۈردى . ھىراتقا يېقىن يەتكەندىن كېيىن زەنبۇر ئاتلىق نەۋكىرىنى ئەلچى قىلىپ ھىراتنىڭ كاتتىلىرىغا «بىزگە ئەل بولۇڭلار ، ئەل بولساڭلار ئۆزۈڭلەرمۇ ئولجا ، بالا - چاقاڭلارمۇ ئەسىر بولمايدۇ» دەپ ئەۋەتتى . شۇ چاغدا سۇلتان جالالىدىن مەلىك شەمسىدىن مۇھەممەد دېگەن كىشىنى ھىراتقا ھاكىم قىلىپ ، يۈزمىڭ كىشىنى ئۇنىڭغا تەيىن قىلىپ كەتكەنىدى . مەلىك شەمسىدىن مۇھەممەد تولىخاننىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى . ئاندىن يەنە شەھەرنى قوغداشقا ئۇرۇش قوراللىرىنى تەييارلاشقا مەشغۇل بولدى . تولىخان ئەلچىنى ئۆلتۈرگىنىنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن ئاتلىنىپ كېلىپ ھىراتنى قورشىدى . يەتتە كۈن ئۇرۇش بولدى . بۇ ئۇرۇش شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى ، قانلار سۇ ئورنىدا ئاقتى . سەككىزىنچى كۈنى موغۇللار ھۇجۇم قىلىپ كەلدى . مەلىك شەمسىدىن مۇھەممەدنىڭمۇ لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ قەلئەدىن چىقىپ ئۇلۇغ ئۇرۇش قىلدى . شۇ ئۇرۇشتا مەلىك شەمسىدىن مۇھەممەدكە ئوق تېگىپ شېھىت بولدى . تولىخان ئىككى يۈز كىشى بىلەن ھىراتنىڭ دەرۋازىسىغا چېپىپ كەلدى . ئاندىن بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنى ئېلىپ قەلئەدىكى خەلققە ۋارقىراپ مۇنداق دېدى : « ھىرات خەلقى شۇنى بىلىپ قويۇڭلار ، ھەم ئاگاھ بولۇڭلار ، مەن چىنگىزخان ئوغلى تولىخان بولىمەن ، ئەگەر ئۆزۈڭلار ئۆلمەيلى ، بالا - چاقىلىرىمىز ئەسىر بولماي پاراغەتتە بولايلى دېسەڭلار ، قەلئەدىن چىقىپ مېنى كۆرۈڭلار ، ماڭا ئەل بولۇپ ھەر يىلى سۇلتان جالالىددىنغا بېرىۋاتقان مېلىڭلارنىڭ يېرىمىنى چىنگىزخانغا بېرىڭلار » . بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھىرات خەلقى ئىككى تەرەپ بولدى . سۇلتان جالالىددىننىڭ خەلقى ئەل بولمايمىز ، قەلئەنى ئۇنىڭغا بەرمەيمىز ، دېدى . ئەمما شەھەر خەلقى دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆزلىرى بېرىپ تولىخاننى كۆردى . خانمۇ شەھەرگە كىرىپ سۇلتان جالالىددىننىڭ ئون ئىككى مىڭ كىشىسىنى ئۆلتۈردى . يەنە شەھەر خەلقىنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ مەلىك ئەبۇبەكرى دېگەن كىشىنى ھاكىم قىلىپ ، ئۆز مۇلازىملىرىدىن مىڭتاي دېگەن موغۇلنى دارۇغا قىلىپ ، ئۆزى ئاتىسى تەرەپكە يۈرۈش قىلدىدە تالقاندا ئاتىسىغا قوشۇلدى . تولىخان كەتكەندىن كېيىن مەلىك ئەبۇ بەكرى بىلەن مىڭتاي يۇرت سوراپ ئولتۇردى . ئۇ چاغدا غەزنىن بىلەن باميانىنىڭ ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى . نويانلار قاتتىق يېڭىلىپ موغۇللاردىن نۇرغۇن كىشى ئۆلدى . بۇ ئۇرۇش پۈتكۈل ئىراق ، ئىراقىي ، خۇراسان ۋە ماۋەرا ئۇننەھرگىچە ئاڭلاندى . خەلق ، چىنگىزخان سۇلتان جالالىددىن بىلەن ئۇرۇشتا تەڭلىشەلمەيدۇ ، تەڭ تۇرالمايدۇ ، دەپ ئويلىدى . شۇ ۋەجىدىن ھىرات خەلقى مەلىك ئەبۇبەكرى بىلەن مىڭتاي دارۇغانى ئۆلتۈرۈپ چىنگىزخان بىلەن ياۋ بولدى . مەلىك مۇبارىزىددىن دېگەننى ھاكىم قىلدى . بۇ خەۋەرنى خانى كىشىۋەرستان ئاڭلاپ ، تولىخانغا ئاچچىقلاندى : «ئەگەر سەن ئۇ خەلقنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ بۇنداق پىتنىلەر بولماستى» دېدى . ئاچچىقى كېلىپ ئېلچىكتاي نويانىنى سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن ھىرات ئۈستىگە ئەۋەتتى . ئاندىن «ھىراتنى ئېلىپ بىر كىشىنىمۇ تىرىك

قويماڭ» ، دېدى . ئىلچىكتاي نويان ئاتلىنىپ كېلىپ ھىراتنى قورشىدى . ھىرات خەلقى ئالتە كۈنگىچە قاتتىق ئۇرۇش قىلدى . مۇسۇلمان ۋە كاپىردىن سانسىز كىشى ئۆلدى . ئاخىرى قەلئەنىڭ تۆت تەرىپىدىن ، ھەر تەرىپىنى يىگىرمە مىڭ كىشى قورشاپ قەلئەنى ئالدى . خەلقنى قەتلىئام قىلدى . بىر مىليون ئالتە يۈزمىڭ كىشىنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا يەتكۈزدى . ھىرات شەھرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى . ھىراتتا پەقەت ئون بەش كىشى تىرىك قالدى .

## چىنگىزخاننىڭ ئىنى ۋە ئوغلانلىرى بىلەن موغۇلىستانغا قايتىشنى كېڭەشكەنلىكىنىڭ زىكرى

چىنگىزخان ئىران يۇرتىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ ، دۈشمەنلىرىنىڭ بەزىسى ئۆلۈپ ، بەزىسى قاچقاندىن كېيىن خاننىڭ قەھرى - غەزىپى بېسىلدى . بۇ ھالدا خىتاي تەرەپتىن خىتاي خەلقى ياۋ بولۇپ چىنگىزخاندىن يۈز ئۆرىدى ، دېگەن خەۋەر كەلدى . خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئوغلانلىرى ۋە ئەمىرلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش قىلدى . يەنى چىغاتايخاننى كىچ ۋە مەكرەن تەرەپكە سۇلتان جالالىددىننى تېپىپ قولغا ئال ، دەپ ئەۋەتتى . ئوگادايىنى غەزنىن تەرەپكە سۇلتان مەھمۇد سەبۇكتېگىننىڭ يۇرتىنى بېقىندۇرۇشقا ئەۋەتتى . چىنگىزخاننىڭ ئۆزى تۇران يۇرتىغا قايتماقچى بولدى . ئوگاداي قائان ئاتىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن غەزنىنگە بېرىپ سەبۇكتېگىننىڭ ئەۋلادىنىڭ يۇرتىنى بېقىندۇرۇپ تۇرانغا قايتتى . چىغاتايخانمۇ مەكرەنگە بېرىپ ، ئۇ يۇرتلارنى خاراب قىلىپ ، خەلقنى ئۆلجا ، ئەسىر قىلىپ سۇلتان جالالىددىندىن ھېچقانداق ، خەۋەر ئالالماي بۇخارا ، تاشكەنت ۋە سەمەرقەنت تەرەپكە قايتتى .

## چىنگىزخاننىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتقانلىقىنىڭ زىكرى

چىنگىزخان باھار ۋاقتىدا ئۆز يۇرتى تەرەپكە قايتتى . يولدا ۋىلايەتلەر ۋە شەھەرلەرگە ھاكىم ۋە دارۇغالار تەيىن قىلىپ كېلىپ ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخاراغا كەلدى . ئەتراپقا ئەۋەتكەن شاھزادىلەر ۋە نويانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ قوشۇلدى .

خانى كىشىۋەرىستان بۇخارا خەلقىگە «ماڭا بىر دانىشمەن موللا كىشى ئەۋەتىڭلار ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە سوئال سورايمەن» دەپ كىشى ئەۋەتتى . بۇخارا خەلقى قازى ئەشرەف دېگەن كىشى بىلەن بىر ۋائىزنى ئەۋەتتى . چىنگىزخان ئۇلاردىن : «مۇسۇلمان دېگەن نېمىدېگەن سۆز ؟» دەپ سورىدى . ئۇلار «مۇسۇلمان خۇدانىڭ بەندىسى دېگەنلىكتۇر . خۇدا بىردۇر . خۇدا ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى . چىنگىزخان «مەنمۇ تەڭرىمنى بىردەپ بىلىمەن» دېدى . ئۇلار يەنە : «پەيغەمبەر تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ، تەڭرىتەئالا ئۆزىنىڭ ئەمرىنى ۋە نەسىھەتلىرىنى بەندىلەرگە ئېيتىش ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن» دېدى . چىنگىزخان بۇ سۆزلەرگىمۇ قايىل بولدى . ئاندىن كېيىن ئۇلار : «ھەركۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ تەڭرىگە بەندىلىك قىلىمىز» دېدى . چىنگىزخان بۇنىمۇ ياخشى كۆردى . ئاندىن كېيىن ئۇلار «ئون بىر ئاي ئاشنى ھەر قاچان خالىساق يەيمىز ، ئەمما بىر ئاي كۈندۈزى يېمەيمىز . بەلكى كېچىسى يەيمىز» دېدى . چىنگىزخانغا بۇمۇ ياقتى . ئاندىن كېيىن ئۇلار «خۇدانىڭ مەككە ئاتلىق ئۆيى بار . ئەگەر قۇۋۋىتىمىز يەتسە ، شۇ يەرگە بارىمىز» دېدى . چىنگىزخان بۇنىڭغا قايىل بولمىدى : «پۈتكۈل ئەلەم خۇدانىڭ يۇرتى تۇرسا ، بىر يەرگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟» دېدى . ئاندىن كېيىن ئۇلارغا رۇخسەت بەردى .

بۇخارانىڭ ئاھالىسى خاندىن تارخان يارلىقى تىلىدى . خانمۇ ئىنايەت يۈزىسىدىن بۇ خەلققە تارخان يارلىقى بەردى . بۇخارادىن كۆچۈپ سەمەرقەندكە باردى . ئاندىن دەشتى قىپچاققا يەنى جوچىخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ : «ئەزىز پەرزەنتىم ، پۈتكۈل لەشكىرىڭ بىلەن ئاتلانغىن ، يەنى دەشتىنىڭ جانىۋ - جانىۋارلىرىنى بىز تەرەپكە قوغلاپ كەلتۈرگىن ، شىكار قىلغايمىز» دېدى . دەسلەپتە ئېيتقان ئىدۇق شاھزادىلەر خارەزىم ئۈستىگە بارغاندا چىنگىزخان «جوچى بىلەن چىغاتاي ئوگادايىنى ئۆزلىرىگە باشلىق بىلىپ ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھۆكمىدىن چىقمىسۇن» دەپ گەپ ئەۋەتكەنىدى . سۇ سەۋەبتىن جوچىخان خارەزمنى ئالغاندىن كېيىن خاننىڭ بۇ سۆزىگە نومۇس قىلىپ دەشتى قىپچاققا بېرىپ ، دەشتىنىڭ تامامى ئېلىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ ، ئوۋ ئوۋلاپ ، قۇش قۇشلاپ يۈرگەنىدى . ئاتىسىنىڭ ئەلچىسى كېلىپ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن جوچىخان تامامى لەشكىرى بىلەن ئاتلىنىپ ، دەشتىنىڭ ھەممە جانىۋارلىرىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىپ ئاتىسىغا قوشۇلدى . نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ۋە يۈزمىڭ ئات سوۋغا قىلدى . ئاتلارنىڭ يىگىرمە مىڭى بوز ، يىگىرمە مىڭى كۆك ، يىگىرمە مىڭى تورۇق ، يىگىرمە مىڭى قارا ، يىگىرمە مىڭى چىپار ئىدى . چىنگىزخانمۇ جوچىخانغا ئىنايەت ۋە ئىلتىپاتلار قىلدى . جوچىخان ئىنىلىرىگە ياخشى سۆزلەرنى قىلدى . ئاندىن كېيىن چىنگىزخان شاھزادىلەر بىلەن ياخشى شىكارلار قىلدى . جوچىخانغا يۇرت مەسلىھەتىدىن كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ ياۋغا ۋە ئەلگە قانداق قىلىشنىڭ كېڭەشنى ئېيتىپ دەشت تەرەپكە ئۇزىتىپ قويىدى . «تارىخى رەشىدىي» دە مۇنداق يېزىلغان : «ئۆرگەنچكە ئىنىلىرى بىلەن بارغاندا ، چىنگىزخان ئوگادايىنىڭ تىلىدىن چىقمىسۇن ، دېگىنى ئۈچۈن جوچىخاننىڭ كۆڭلى ئاغرىغانىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۆرگەنچنى ئالغاندىن كېيىن قىپچاق ، رۇس ، چېركەس ، بۇلغار ، ماجار ، باشقىرد قاتارلىق يۇرتلارنى ئېلىشقا مەشغۇل ئىدى . چىنگىزخان ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا جوچىخانغا كەلسۇن ، دەپ نەچچە مەرتە كىشى ئەۋەتتى . شۇ چاغدا جوچىخان ئاغرىپ قالغانىدى . ئۆزرە ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتتى . چىنگىزخان ئۆزرىگە ئىشەنمەي قاتتىق ئاغرىندى . جوچىخان بىر كۈنى كۆچۈپ كېتىۋېتىپ ئوۋلىرى كۆپ بىر يەرگە چۈشتى . ئۆزى كېسەل بولغاچقا بەگلىرىگە ئوۋ ئوۋلاشنى بۇيرىدى . ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە بىر مانغىت چىنگىزخاننىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى . بۇلارنى كۆرۈپ جوچىخانمۇ بۇلارنىڭ قېتىدا بارچېغى ، دەپ ئويلاپ قالدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن (مانغىت ــ ت ) چىنگىزخاننىڭ يېنىغا باردى . چىنگىزخان جوچىخاننىڭ كېسىلىنى سورىۋېدى ، ئۇ مانغىت «ساقمۇ ، كېسەلمۇ بىلمىدىم ، پالانى يەردە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى . خان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاچچىقلىنىپ ، جوچىخاننىڭ ئۈستىگە ئاتلانماقچى بولدى . شۇ مەھەلدە جوچىخان ۋاپات تاپتى ، دېگەن خەۋەر كەلدى . خان مانغىتنىڭ سۆزىنىڭ يالغانلىقىنى بىلدى . مانغىتنى ھەر يەردىن ئىزدەپمۇ تاپالمىدى . خان ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىگە بىرنەچچە ۋاق تەزىيە تۇتۇپ ئاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا كېلىپ ، بالا ـ چاقلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى .

شۇ چاغدا تانقۇت ھاكىمى شىيدۇرقۇ ياۋ بولدى ، دېگەن خەۋەر كەلدى . خان ئۇلۇغ چېرىك بىلەن ئاتلىنىپ شىيدۇرقۇ ئۈستىگە باردى . شىيدۇرقۇمۇ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن كېلىپ خانغا دەلمۇدەل تۇردى . قاتتىق ئۇرۇش بولدى . ئاخىرى شىيدۇرقۇ قاچتى . مۇستەھكەم قەلئەگە قامالدى . چىنگىزخان ۋىلايىتىنى تالاپ ، خاراب قىلىپ ، نۇسرەت بىلەن قايتىپ ئوردىسىغا چۈشتى . شۇ چاغدا شىيدۇرقۇنىڭ ئەلچىسى كەلدى . شىيدۇرقۇ ئەلچىسىنى : «ئەگەر گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ، مەن بېرىپ ئۆزلىرىنى كۆرەر ئىدىم . ۋەدە ۋە شەرت بىلەن ئۆزلىرىگە مېنى پەرزەنت قىلغايلا ، بۇنىڭغا قەسەم ئىچكەيلا» دېگەنلەر بىلەن ئەۋەتكەنىدى . چىنگىزخان بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ ، كۆپ ئىنايەتلەر قىلىپ ئەلچىنى قايتۇردى . ئەلچى خان ئىشىكىدىن ئاتلىنىپ كېتىشىگىلا خانغا بىر كېسەل تېگىپ يىقىلدى .

## چىنگىزخاننىڭ كېسەل بولۇپ ئوغلانلىرىغا نەسىھەت قىلىپ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنىڭ زىكرى

چىنگىزخان خىتاي ئۈستىگە يۈرگەندە بىر چۈش كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئاجايىپ قورققانىدى ، ئۆزىنىڭ يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىنى جەزىم قىلغانىدى . بىر چاغدا خان كېسەل بولدى . ئۆزىنىڭ ھالىنى سېزىپ ئوغلانلىرى ۋە ئەمىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرتتى . جوچىخان ئۇ چاغدا ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى . ئاندىن ئوغلانلىرىغا نەسىھەت قىلىپ : «دۇنيالىق ئۈچۈن بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئازارلاشماڭلار ، ئەگەر ھەرقاي-

سىڭىزلارنىڭ كۆڭلىدە بىرزەررە كىر بولسا ئۇنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار ، دۈشمەنىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ئامان بولۇڭلار ، يەنى ئوگادايىنى مېنىڭ ئورنۇمدا پادىشاھ قىلىپ ھەممىڭلار ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار » دېدى . ئوغلانلار ۋە ئەمىرلەر بىلەن ئوگاداي قائانىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئەھدىنامە يازدى . «مەن ئۆلسەم تاكى شىدۇرقۇ خەلقى بىلەن كەلگۈچە باشقىلارغا بىلدۈرمەڭلار ، شىدۇرقۇ كەلگەندە خەلقى بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار ، ئاندىن كېيىن مېنىڭ ئۆلگىنىمنى ئاشكارا قىلىڭلار » دېدى ـ دە ، روھىنىڭ قۇشى تېنىنىڭ كەپىسىدىن ئۇچۇپ كەتتى .

شاھزادىلەر ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ خاننىڭ ئۆلگىنىنى باشقىلارغا بىلدۈرمىدى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن شىدۇرقۇ لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى . شاھزادىلەر شىدۇرقۇنى لەشكەرلىرى بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈردى . ئاندىن چىنگىزخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاشكارا قىلدى . قاتتىق ھازا قىلىشتى .

چىنگىزخان بىر كۈنى شىكار قىلىپ يۈرگىنىدە بىر چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى : «ئەگەر مەن ئۆلسەم ، مېنى بۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويۇڭلار » دېدى . خان ئۆلگەندىن كېيىن خاننىڭ ئۆلىكىنى بىر ساندۇققا سېلىپ ساندۇقنى شۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا قويدى . ئۇ يەرنى بۇرخان قالدۇن دەيدۇ . خاننى قويغاندىن كېيىن ئۇ يەردە كۆپ دەرەخلەر پەيدا بولدى . دەرەخلەر شۇنداق كۆپ بولدىكى ، ئوق ئۆتمەس ئىدى . ئۇ يەر پۈتكۈل پادىشاھلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ مەقبەرىسى بولدى . چىنگىزخان تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە تۆتىنچى يىلى (مىلادىيە 1226 ـ 1227ـ يىللار ـ ت ) توڭگۇز يىلىدا دۇنيادىن ئۆتتى . ئۇ ، توڭگۇز يىلى دۇنياغا كەلدى ۋە توڭگۇز يىلى خان بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى . چىنگىزخاننىڭ ئۆمۈر مۇددىتى يەتمىش ئۈچ يىل ئىدى . يىگىرمە بەش يىل پادىشاھلىق قىلدى . ئۈچ ئايغىچە جاي ـ جايلاردىن خەلق كېلىپ شاھزادىلەرگە تەزىيە يەتكۈزدى . ھازىردىن بېسىلغاندىن كېيىن ھەركىم ئۆز جايىغا كېتىشتى ، ئەمما سەلتەنەت مەسلىھەتىدىن پەقەت سۆزلەشمىدى .

## چىنگىزخاننىڭ بەزى مىساللىرى ، بىلىمى ۋەرەسىم ـ قائىدىلىرىنىڭ زىكرى

چىنگىزخان ئون مىڭ كىشىنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ ، ئۇنى تۈمەن ئاغىسى ، دەپ ئاتىدى . مىڭ كىشىنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ ھەزارە ، دەپ ئات قويدى . يۈز كىشىنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ سەد ، دەپ ئات قويدى . ئون كىشىنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ دەھچە ، دەپ ئات قويدى . يەنە : «ھېچقانداق كىشىنىڭ ھەزارە ، سەد ، دەھچىسى يەنە بىر تۈپنىڭ ھەزارە ، سەد ، دەھچىسىگە قوشۇلمىسۇن» دەپ يارلىق قىلدى ۋە : «ھەرقانداق ئىشى بولسا خەلق ئۇنى ئەمىر تۈمەنگە ، ئەمىر ھەزارەگە ، ئەمىر سەدكە ، ئەمىر سەد ئەمىر تۈمەن ئەمىر دەھچىگە ھاۋالە قىلسۇن» دېدى . يەنە : «ئەربولسۇن ، خوتۇن بولسۇن بىگىزدىن ئىگىنىگىچە ساقلىسۇن ، يەنى ئۇرۇش كۈنلىرىدە دەرھال ئاتلىنىپ دەركار بولسۇن ، پەقەت كەم ساقلىمىسۇن» دېدى . ھەركىم ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلسا پادىشاھ غەزەپخانىسىدا ئەدىپىنى بېرەتتى . ھەرقانداق ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ، ھەرقانداق ئىنى ئاكىسىنىڭ سۆزىنى ۋە نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمىسا ، ھەرقانداق خوتۇن ئەرنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن بولمىسا ، ھەرقانداق كىيئوغۇل قېناتا ـ ئانىسىنى ئاغرىتسا ، ھەرقانداق ئوغرى ئوغرىلىقتىن قول ئۈزمىسە ، جازاغا ئۇچرايتتى . يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا چىنگىزخاننىڭ زامانىسىدا ھېچ كىشى قەدەم قويمىغانىدى . چىنگىزخان كىم ئاقىل ، باھادىر بولسا لەشكەرگە باش قىلدى . ئايغى چاققان بولسا ئات باققىلى قويدى . ئەقىلسىز ، ھۇرۇن بولسا چوپان قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ دۆلىتى زىيادە بولدى . ئۇ يەنە شۇنداق دەيتتى «تۈمەن ئاغىسى ، ھەزارە ، سەد ۋە دەھچە ھەر يىلىنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا مېنى كۆرۈپ بىلىممىنى ئاڭلىسا ئۇ كىشى ئۇلۇغ لەشكەرگە باش بولالايدۇ . ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇلار خەلققە باش بولۇشقا يارىمايدۇ . ئۇنداق كىشى بىر تاشقا ئوخشايدۇكى ، ئۇنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىسا چۆكۈپ كېتىپ كۆرۈنمەيدۇ . يەنە ھەرقانداق بىر ئادەم ئون ئادەمنى تەرتىپكە سالالىسا ، ئۇلۇغ لەشكەرنىمۇ تەرتىپكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالالايدۇ . يەنە ھەركىم يامانلىقتىن ئۆزىنىڭ ئىچىنى پاك قىلسا ، مۈلكىدىن ئوغرىنىمۇ پاك قىلىدۇ . يەنە ھەركىم ئۇلۇغلار يېنىغا بارسا ئۇنىڭدىن سورىماي سۆزلىمىسۇن ، ئەگەر سورىماي سۆزلىسە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسىغۇ خوپ - ياخشى ، ئەگەر ئاڭلىمىسا سوغۇق تۆمۈرگە بولقا ئۇرغاندەك بولىدۇ » . چىنگىزخاننىڭ مۇنداق سۆزلىرى كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ھەممىسىنى يازساق چوڭ بىر كىتاب بولىدۇ . شۇڭا قىسمەنلىرىنىلا ئېيتىپ ئۆتتۇق .

# تۆتىنچى باب

## چىنگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگاداي قائاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ، چىنگىزخاننىڭ ئوغلانلىرىدىن موغۇل يۇرتىدا پادىشاھلىق قىلغان نەسىللىرىنىڭ زىكرى

چىنگىزخان ۋاپات تېپىپ ئىككى يىلدىن كېيىن دەشتى قىپچاقتىن جوچىخاننىڭ ئوغلانلىرى ، چىغاتاي ۋە تولىخان ئوغلانلىرى بىلەن مەشرىق تەرەپتىن بىلگاداي نويان ، ئىلچىداي نويان ۋە بارچە بەگلىرى يىغىلىپ كېلىپ چىنگىزخاننىڭ پۇتۇپ بەرگەن ئەھدىنامىسىنى چىقىرىپ ، خاننىڭ ئېيتقان ۋەسىيەتلىرىنى ئېيتىپ ، ئوگاداي خانلىق ساڭا مۇقەررەر تۇرۇر ، دېيىشتى . ئوگاداي : «مەندىن ئۇلۇغلار ، لايىقلار بار . ياكى ئاكام چىغاتايىنى ۋە ياكى ئىنىم تولىنى خان قىلىپ كۆتۈرسەڭلار» دېدى . قىرىق كۈنگىچە مۇنازىرە بولدى . قىرىق كۈندىن كېيىن بارچىلىرى ، بىز چىنگىزخاننىڭ سۆزىدىن ئۆزگە ئىشنى قىلىشنى بىلمەيمىز ، دەپ چىغاتاي خان ئوڭ قولىنى ، تولىخان سول قولىنى ئېلىپ ئوگاداي قائاننى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇشتى . موغۇل رەسمى بىلەن ئاياغلار تۇتۇپ ، ئۇلۇغ توي قىلىپ مۇبارەكلەشتى . بۇ تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە يەتتىسى (مىلادى 1229 ـ 1230 ـ يىللار ـ ت ) ئىدى .

چىنگىزخاندىن كېيىن بەزى يەرلەردە پىتنىلەر پەيدا بولغانىدى . (قوزغىلاڭلار پەيدا بولغانىدى ـ ت ) بارچىسىنى باستۇرۇپ سۇلتان جالالىدىننى باستۇرۇش ئۈچۈن چۇرماغۇن بەگنى ۋە ئايتىماسنى ئۈچ تۈمەن كىشى بىلەن ئىرانغا ئەۋەتتى . سۇلتان ئۇ مەھەلدە ھىندىدىن كېلىپ كىرمەن ، شىراز ، ئەزەربەيجان ۋە تەبرىزنى ئېلىپ ، ئۆزگە شەھەرلەرنى بېقىندۇرۇپ ، يېنىغا كۆپ كىشى يىغىپ ئۆزگە كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا قىلغانىدى . چۇرماغۇنبەك بىر توپ كىشى بىلەن ئايتىماسنى ئالدىدا ئەۋەتكەنىدى . سۇلتان جالالىدىن ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ دىياربەكرى ۋە كۇردىستانغا قېچىپ كەتتى . كۇردلار ئۇنى ئات ۋە تونى ئۈچۈن ئۆلتۈردى . بەزىلەر ئۇنى قەلەندەر بولۇپ كەتتى ، دەپمۇ ئېيتىشىدۇ . ۋاللاھۇئەلەم ، خارەزىم شاھلىرىدىن ئالەمدە كىشى قالمىدى .

## ئوگاداي قائاننىڭ خىتايغا بارغانلىقىنىڭ زىكرى

تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە يەتتىنچى يىلى (مىلادى 1229 ـ 1230 ـ يىللار ـ ت ) رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا ئوگاداي قائان ، چىغاتايخان ۋە تولىخان سانسىز چېرىك بىلەن خىتاي تەرەپكە يۈردى . قارامۇران دېگەن دەريانىڭ لېۋىدە بىر شەھەر بار ئىدى . شۇ شەھەرگە كەلدى . شۇ شەھەرنىڭ خەلقى قىرىق كۈن قامىلىپ كۆپ ئۇرۇشتى ، ئاخىرى شەھەرنىڭ خەلقى يېڭىلىپ ، ئامانلىق تىلەپ شەھەرنى ئۇلارغا تاپشۇردى . خىتاي سىپاھلىرىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى كېمە بىلەن قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن ئۆزگە خەلقنى قەتلىئام قىلىپ ، بالا - چاقىلىرىنى قۇل قىلىپ ، خىتاينىڭ يەنە بىر شەھىرىگە ئاتلاندى . ئوگاداي قائان تولىخاننى ئون مىڭ كىشى بىلەن ئالدىدا ئەۋەتتى . ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىرىماي يۈردى . ئۇ ۋاقىتتا خىتاي پادىشاھى ئالتانخان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ ئەمىرلىرىدىن بىر

ئىككەيلەننى يۈزمىڭ كىشى بىلەن ئۆلارغا قارشى ئەۋەتتى . بۇ يۈزمىڭ كىشى تولىخانغا يولۇقۇپ ، تولىخاننىڭ لەشكەرلىرىنى ئاز كۆرۈپ ، ئوپ - چۆرىسىنى قورشىدى . بۇ هالدا تولىخان ئىشنىڭ مۈشكۈللۈكىدىن خەۋەردار بولدى . ئويلىنىپ كۆرۈپ يادىچىلارغا يادا قىلىڭلار ، دەپ هۆكۈم قىلدى . يادىچىلار ئۈچ - كېچە كۈندۈز يادا قىلدى . يازنىڭ ئىسسىق كۈنىدە قار بىلەن يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . شۇنداق سوغۇق بولدىكى كۆپ كىشى قولىنى قويىندىن چىقىرالمىدى . تولىخان خىتاي لەشكەرلىرىنىڭ سوغۇقتا ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى كۆردى . چېرىكىگە خىتاي لەشكەرلىرىگە ئەتراپىدىن ئات سېلىڭلار ، دەپ هۆكۈم قىلدى . موغۇللار ئەتراپىدىن ئات سالدى . ئاندىن خىتاي لەشكەرلىرىنى باستى . بۇ يۈزمىڭ كىشىدىن بەش مىڭ كىشى قېچىپ قۇتۇلدى . ئۇنىڭدىن ئۆزگىلىرىنىڭ هەممىسى قەتلىئام بولدى . بۇ خەۋەرنى ئالتانخان ئاڭلاپ بىر ئۇلۇغ ئوت ياققۇزۇپ بالا - چاقىلىرى بىلەن ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈۋالدى . ئەلقىسسە ، تولىخان خىتاي خانىنىڭ ئۆلگىنىنى ۋە خىتاينى بويسۇندۇرغانلىقىنى خانغا خەۋەر قىلىپ كىشى ئەۋەتتى . قائانمۇ خىتايغا كېلىپ جىمى ۋىلايەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ مەهمۇد يالاۋاچنى ئۇيەرگە دارۇغا قىلىپ قايتتى . شۇ ۋاقىتتا تولىخان كېسەل بولدى ، ئاندىن ئۆلدى . ئاتىسىدىن كېيىن ئون تۆت يىل پادىشاهلىق قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئارقىدىن كەتتى .

## ئوگاداي قائاننىڭ شاهزادىلەرنى رۇس ، چېركەش ، بۇلغار ،تۇران ، باشقىرد ۋە ئۆزگە ۋىلايەتلەرنى بېقىندۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكىنىڭ زىكرى

ئوگاداي قائان خىتاينى بېقىندۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن تارىخ هىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 1235 - 1236 - يىللار - ت ) مايمۇن يىلىدا جوچىخاننىڭ ئوغلى باتۇ ، ئۆزىنىڭ ئوغلى كۈيۈك ، تولىخاننىڭ ئوغلى مەنگۈچا ۋە چىغاتايخاننىڭ ئوغلانلىرىنى رۇس ، چېركەس ، بۇلغار ، تۇران ، باشقىرد ۋە يەنە باشقا ۋىلايەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى . ئاندىن ئۆزى قاراقۇرۇمدا خىتايدىن كەلتۈرگەن ئۇستادلار ۋە نەققاشلارنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ ياخشى ئۆيلەر (ئىمارەت- لەر ) ۋە كۆشكلەر ياساتتى . بارچە شاهزادىلەر ۋە بەگلەر شۇ كۆشكنىڭ ئەتراپىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆيلەر بىنا قىلىشتى . ئاندىن كېيىن زەرگەرلەرگە ئالتۇندىن ۋە كۈمۈشتىن پىل ۋە شىرنىڭ هەيكىلىنى ياسىتىپ هەرقايسىسىنىڭ ئالدىغا كۈمۈشتىن كۆلچەكلەر ياساتتى . پىل بىلەن شىرنىڭ ئاغزىدىن كۆل- چەكلەرنىڭ ئىچىگە شاراب تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئاندىن يەنە ياغاچ بىلەن كېسەكتىن تۆت دىۋار (قاشا ، خانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان قورۇغى ) سالدۇردى . بۇ دىۋارلارنىڭ هەرقايسىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كۈنلۈك يەرئىدى . ئۇنىڭغا دەرۋازىلار قوندۇردى . هەرۋاقىت شىكارغا كۆڭلى تارتسا نەۋكەرلىرى ئاتلىنىپ ئون كۈنلۈك يەردىن جانىۋارلارنى قوغلاپ كەلتۈرۈپ شۇ دىۋارنىڭ ئىچىگە سولايتتى . ئوگاداي قائان ئۇلارنى ئوۋلايتتى . ئاندىن شاهزادىلەر يەتتە يىلدىن كېيىن بارغان ۋىلايەتلەرنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى . هىرات ۋەيران بولغانىدى . قائاننىڭ هۆكمى بىلەن يېڭىدىن ئاۋات قىلدى . هىرات بۇرۇنقى- دىنمۇ ياخشىراق بولدى .

## ئوگاداي قائاننىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ زىكرى

پادىشاه گىتىستان ئوگاداي قائان خىتاينى بېقىندۇرۇپ ، شاهزادىلەرمۇ ئۆزگە ۋىلايەتلەرنى بېقىن- دۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن قائان هەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ «تامامى قېرىنداش ۋە ئۇرۇقۇم كەلسۇن ، مېنىڭ ئىنئامىمنى ئېلىپ ، بىرنەچچە كۈن مېنىڭ بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولسۇن» دېدى . شۇ چاغدا هەر تەرەپتىن خەلقلەر توپ - توپ بولۇشۇپ كېلىشتى . ئاندىن ئوگاداي قائان ئوردىسىدا ئانداق سورۇن بولدىكى ، ئالەمدە هەرگىز مۇنداق سورۇن بولغان ئەمەس . قائان بۇ خەلق بىلەن كۆپ ئەيشلەر قىلىپ نۇرغۇن ئىنئاملار بەردى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خەلققە رۇخسەت بەردى . هەركىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆز مەنزىلىگە كەتتى . بۇ خەلق كەتكەندىن كېيىن قائانغا كېسەل يېپىشىپ دارۇل فانىدىن دارۇل باقىيگە كەتتى . پادىشاھلىق مۇددىتى ئون ئۈچ يىل ئىدى . بۇ تارىخ ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1338 ـ 1339 ـ يىللار ـ ت ) ئىدى .

## پادىشاھى ئىران ۋە تۇران ئۇگادىي قائاننىڭ بەزى قىلىقلىرى ۋە ئەھۋاللىرىنىڭ زىكرى

بىر كىشى بار ئىدى . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا قارشى ئىدى . بىر كۈنى قائانغا كېلىپ : «كېچىدە بىر چۈش كۆردۈم ، چىنگىزخان ماڭا : ‹ بېرىپ ئۇگادايغا ئېيت ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرسۇن› دېدى» . دېدى . قائان «بۇ سۆزنى ساڭا چىنگىزخان ئۆزى ئېيتتىمۇ ياكى تىلماچ ‹ تەرجىمەن› ئېيتتىمۇ ؟ » دەپ سورىدى . ئۇ كىشى : «خاننىڭ ئۆزى ئېيتتى» دېدى . ئاندىن كېيىن قائان «سەن موغۇل تىلىنى بىلەمسەن ؟ » دەپ سورىدى . ئۇ كىشى «بىلمەيمەن» دېدى . قائان «بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار . ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ . چۈنكى چىنگىزخان موغۇل تىلىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدۇ» دېدى . ئۇگادىي قائان «ھېچ كىشى قوينى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرمىسۇن ، سېپىسىدىن (قارنىدىن ) يېرىپ ئۆلتۈرسۇن» دەپ يارلىق قىلغانىدى . بىر مۇسۇلمان بازاردىن بىر قوي ئېلىپ ئۆيىگە كەلتۈرۈپ ئىشىكنى بېكىتىپ بوغۇزلىدى . شۇ چاغدا بىر موغۇل بۇ مۇسۇلماننى تۇتۇۋالاي ، دەپ تام ئۈستىدىن ئۆيگە چۈشۈپ مۇسۇلماننىڭ پۇتىدىن ، بويىنىدىن باغلاپ قائانغا ئېلىپ كەلدى . قائان ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ياخشى ئېنىقلاپ ئاخىرى «موغۇلنى ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ ھۆكۈم قىلىپ : «بۇ مۇسۇلمان ھۆكۈم تۇتۇپ ، يارلىقنى بويسۇنۇپ ئىشىكنى بېكىتىپتۇ . ئەمما سەن ھۆكۈم تۇتماي بىراۋنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرىپسەن» دېدى . يەنە بىر مۇسۇلمان تۆمۈرچى بار ئىدى . بىر كۈنى تۆت ، بەش پەز (بىگىز ) ياساپ پەزلەرنى قولىدا تۇتۇپ قائاننىڭ ئۆتىدىغان يولىدا تۇردى . قائان كېتىۋېتىپ بىر چاغدا بۇ تۆمۈرچىگە كۆزى چۈشتى . بىر ياساۋۇلىغا : «بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن» دېدى . ياساۋۇل كېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ سوۋغات قىلىنىغان پەزلەرنى ئېلىپ قائان يېنىغا باردى . قائان ئۇ تۆمۈرچىنىڭ ھەربىر پەزى ئۈچۈن بىر ئەشرەف (بىر تىللا ) بەردى . يەنە بىر قېرى كىشى بار ئىدى . ئۇنىڭ پەرزەنتىمۇ ، قېرىندىشىمۇ يوق ئىدى . بىر كۈنى قائاننىڭ دەرگاھىغا كېلىپ : «قولۇمدا دەسمايەم بولغان بولسا سودىگەرچىلىك قىلاتتىم» دەپ ئەرز قىلدى . قائان : «ئىككى يۈز ياستۇق ئالتۇن بېرىڭلار ، سودىگەرچىلىك قىلسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى . خەلق : «بۇ بىر قېرى كىشى تۇرسا ، ئۆلۈم ھالىدا تۇرسا ، بۇنىڭغا مۇنچە ئالتۇننى بېرىش لايىق ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ نەپەرزەنتى ۋە ياكى قېرىندىشى بولمىسا» دېدى . شۇندا قائان « بۇ كىشى بىر ئۈمىد بىلەن كەپتۇ . بۇنى نائۈمىد قويماق بىزگە لايىق ئەمەس» دېدى . ئاندىن «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئالتۇننى قولىغا تېز بېرىڭلار ، ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە» دېدى . خەزىنىچىلەر شۇ سائەتتە ئىككى يۈز ياستۇق ئالتۇننى كەلتۈرۈپ قېرىغا ساناپ بېرىپ بولغۇچە ئۇ قېرى ئۆلۈپ قالدى . يەنە بىر مۇسۇلمان كىشى كېلىپ قائانغا : «دەسمايەم يوق» دەپ ئەرز قىلدى . قائان ئۇ كىشىگە دەسمىيا قىل ، دەپ بەش يۈز ياستۇق ئالتۇن بەردى . ئۇ كىشى بۇ بەش يۈز ياستۇق ئالتۇننى ئېلىپ كېتىپ خەرج قىلىۋەتتى‹ خەجلىۋەتتى› . ئاندىن يەنە دەسمايەم يوق ، دەپ كەلدى . قائان يەنە بەش يۈز ياستۇق ئالتۇن بەردى . ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە دەسمايەم يوق ، دەپ كەلگەنىدى . خالايىق : «پادىشاھىم ، بۇ كىشىگە قانچىلىك ئالتۇن بەرسىڭىزمۇ بەربىر خەجلىۋېتىدۇ ،

بەرمىگەن ياخشى» دېدى. قائان «قانداق خەجلىۋېتىدۇ؟» دەپ سورىدى. خەلق «ئالتۇننى ۋىلايەتنىڭ خەلقىگە سېتىپ پۇلىنى يېمەك - ئىچمەك، كىيمەككە خەجلەيدۇ» دېدى. قائان «ئۇنداق بولسا يەنە مېنىڭ خەزىنەمگە چۈشىدىكەن» دېدى. ئاندىن ئۇ كىشىگە يەنە بەش يۈز ياستۇق ئالتۇن بېرىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن ئىسراپ قىلما» دېدى. ئوگاداي قائاننىڭ مۇنداق قىلىقلىرىنى يازساق بىر كىتابقا سىغمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن قىسقارتتۇق.

## ئوگاداي قائاننىڭ خاتۇنلىرىنىڭ ۋەئوغلانلىرىنىڭ زىكرى [1]

ئوگاداي قائاننىڭ تۆت نىكاھلىق ئايالى ۋە ئاتمىش قۇماسى بار ئىدى. ئۇلۇغ خاتۇننىڭ ئېتى — بۇراقچىن، ئىككىنچى خاتۇننىڭ ئېتى — تۇراكىنا، ئۇ مەركىت خەلقىدىن ئىدى. بەزىلەر تۇراكىنا ئويراتنىڭ ئۇلۇغى تايىرسۇننىڭ خاتۇنى ئىدى. تايىرسۇننى ئۆلتەرگەندە ئولجا قىلىپ ئوگاداي ئالغانىدى، دېيىشىدۇ. تۇراكىنا سەت خوتۇن ئىدى. ئەمما ئوگادايغا چىرايلىق ئىدى. ئۈچىنچى خاتۇنى — مۇنگا، تۆتىنچى خاتۇنى — چەچىن ئىدى. قائاننىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىدى. بەشى نىكاھلىق خوتۇنى تۇراكىنادىن تۇغۇلغانىدى. قالغان ئىككى ئوغلى قۇمالىرىدىن (نىكاھسىز خاتۇنلىرى) بولغانىدى. قائاننىڭ ئۇلۇغ ئوغلىنىڭ ئېتى — كۇيۇك، يۇرتى قۇماق دېگەن يەردە ئىدى. بەزىلەر مەنگرەق ۋە ئىمەل دەپمۇ ئاتايتتى. ئوگادايىنىڭ ۋەلى ئەل ئەھدى شىرامۇن دېگەن نەۋرىسى ئىدى. تۇراكىنا خاتۇننىڭ ئوغلانلىرى ئاتىسىنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىپ كۇيۇكخاننى قائان قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. بۇ بايان بويىچە، ئاۋۋالقىسىنىڭ ئېتى — خاجە ئوغۇل، ئانىسىنىڭ ئېتى — قۇمەش، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى — بەغۇ، ئۇمۇ قۇمەش خاتۇندىن تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ چىيات ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى — ئۇقۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئون ئوغلى بىر ئىدى. ئوگاداي قائاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى — كۇتەن. ئۇنىڭ يۇرتى شەككۇت ئىدى. ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى — كۇچۇ. ئۇ ئاجايىپ دانا ۋە ئاقىل كىشى ئىدى. ئەمما ئوگاداي قائان تىرىك چېغىدا ئۆلدى. تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى — قاراچار. بەشىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى — قاشى ئىدى. ئۇنىڭ قارشى، دەپ ئاتىلىشى شۇكى، تانقۇت (تاڭغۇت) ۋىلايىتىنى قاشى دەپ ئاتىشاتتى. چىنگىزخان قاشىنى ئالغاندا تۇغۇلغان بولغاچقا ئۇنىڭغا قاشىنى، دەپ ئات قويغانىدى. ئۇ هاراقكەش ۋە پاسىق كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يىگىت چېغىدىلا ئۆلدى.

ئەلقىسسە، كۇيۇكخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا (تۆت يىلدىن كېيىن رەبىئەل ئاخىرىدا سانا سالاسا ۋە ئەربەئىن ۋە سىتتامىئا - يەنى 743 - يىلى (مىلادى 1342 - 1343 - يىللار - ت) پادىشاھ بولدى. ئاندىن خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قېرىنداش، بىگۇناھ، پېقىر، مىسكىن، چوڭ - كىچىككە شۇنداق ئىنئام بەردىكى ھېچكىم بۇنداق قىلمىغانىدى. ئەمما ناسارا دىنىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. پادىشاھلىق مۇددىتى ئۇزاق بولماي، بىر يىل ئۆتكەندە دۇنيادىن رىھلەت قىلدى.

## مەنگۇ قائاننىڭ زىكرى

كۇيۇكخان ئۆلگەندىن كېيىن چىنگىزخاننىڭ نەسلىدىن پادىشاھ بولىدىغان كىشى كۆپ ئىدى. تولىخاننىڭ خوتۇنى سۇرقىقتى بىگىنىنىڭ خەلق بىلەن كېلىشىپ تولىخاننىڭ ئوغلانلىرىدىن بىرسىنى پادىشاھ قىلىش ئويى بار ئىدى. جوچىخاننىڭ ئوغلى باتۇمۇ ئۇلاردىن پادىشاھ بولۇشقا رازى ئىدى.

چىنگگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ئارىسىدا باتۇدىن سەلتەنەت ۋە ھەشەمەتتە ئارتۇق تۇرىدىغان كىشى يوق ئىدى . باتۇ دەشتى قىپچاقتا ئىدى . باتۇ شاھزادىلەر ، نويانلار ، ئەمىرلىرىگە : «دەشتى قىپچاقتا ھازىر بولۇڭلار ، ئىتتىپاق بىلەن بىراۋنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ خان قىلىپ كۆتۈرەيلى» دەپ كىشى ئەۋەتتى . بەزىلەر چىنگگىزخاننىڭ يۇرتى كېلۇران تۇرسا ، بىز دەشتى قىپچاققا بارمايمىز ، دەپ ئۆزى كەلمەي كىشى ئەۋەتتى . شۇ چاغدا سۇرقۇقتى بېگى ئوغلانلىرىغا : «دەشتى قىپچاقتا باتۇنىڭ پۇتى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ . بېرىپ يوقلاپ كېلىڭلار» دېدى . سۇرقۇقتى بېگىنىڭ ئوغلانلىرى مەنگۇ قائان ، خۇلاگۇخان ، قۇبىلاي قائان ۋە مۇكائوغىل دەشتى قىپچاققا بېرىپ باتۇغا سالام بەردى . باتۇ مەنگۇ قائاننى كۆرۈپ شاھزادىلەر ، نويانلار ۋە ئەمىرلىرىگە : «خانلىققا مەنگۇ قائاننى مۇناسىپ كۆرىمەن ، سىزلەر نېمە دەيسىزلەر ؟» دېگەنىدى ، بارچە خەلق قبۇل قىلىپ : «خانلىققا مۇناسىپ» دېيىشتى . ئاندىن مەنگۇ قائاننى خان قىلدى . باتۇ يەنە شۇنداق دېدى «كېلەر يىل مەۋزۇئى كېلۇراندا تامامى خەلق جەم بولۇپ يېڭىدىن مەنگۇ قائاننى خان قىلىپ كۆتۈرۈڭلار .» بىر يىلدىن كېيىن بارچە خەلق يىغىلىپ مەۋزۇئى كېلۇراندا مەنگۇ قائاننى خان قىلىپ كۆتۈردى . يەتتە كۈنگىچە توي قىلدى . ھەر كۈنى ئىككى مىڭ هاراۋا شاراب ، هاراق ئىچىپ ئۈچ يۈز يىلقى ، سىيرنى ۋە ئىككى مىڭ قوينى كاۋاپ قىلىپ يەيتى . مەنگۇ قائان تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز قىرىق سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1250 ـ 1251 ـ يىللار ـ ت ) خان بولدى .

شىرامۇن باشلىق كۈيۈكخان ئوغلانلىرى مەنگۇ قائاننى ئۆلتۈرىمىز ، دەپ ئىتتىپاق قىلىشتى . ئاندىن بىرنەچچە هارۋىغا قورال ـ ياراغ يۈكلەپ شىرامۇننى بەش يۈز كىشى بىلەن ئالدىدا ئەۋەتتى . ئۆزلىرى ئارقىدىن بارماقچى بولۇشتى . كېرەك ۋاقىتتا قائاننىڭ ئۈستىگە قويۇلماقچى بولۇشتى . ئەمما قائان ئەيش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئالەمدىن خەۋىرى يوق ئىدى . بىرچاغدا قائاننىڭ نەۋكەرلىرىدىن بىر كىشىنىڭ تۆگىسى يۈتۈپ كەتتى . ئۇ كىشى تۆگىسىنى ئىستەپ يۈرۈپ شىرامۇننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى ـدە ، هارۋىدا تۇرغان قورال ـ ياراغلارنى كۆرۈپ ، قايتىپ كېلىپ قائانغا خەۋەر قىلدى . قائانمۇ «خەۋەر ئېلىپ كەل» دەپ مېڭسار نويانىنى ئىككى مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتتى . مېڭسار نويان شىرامۇننىڭ لەشكىرىگە كەلدى . شىرامۇن ئۇنى كۆرۈپ ئىزتىراپتا بولدى . ئاندىن : «بىز قائاننى كۆرۈشكە كېلىۋاتاتتۇق» دېدى . مېڭسار «ئەگەر قائاننى كۆرۈشكە كېلىۋاتقان بولساڭ ، تۇر ، مېنىڭ بىلەن بىللە بارغىن» دېدى . شىرامۇن ئامالسىزلىقتىن مېڭسارغا قوشۇلۇپ قائاننىڭ ئوردىسىغا باردى ۋە قائاننى كۆردى . قائان ئۈچ كۈن شىرامۇن ئۈچۈن مەجلىس قىلدى . تۆتىنچى كۈنى مەجلىس ئۈستىدە شىرامۇننى ئۆلتۈرۈپ شىرامۇننىڭ يولداشلىرى ۋە بەگلىرىنى كەلتۈرۈپ قىستىغانىدى ، ھەممىسى قىلغان ئىتتىپاقىنى ئېيتىشقا باشلىدى . قائان شىرامۇننىڭ كىشلىرىدىن سەكسەن كىشىنى ئۆلتۈردى . شىرامۇن بىلەن كۈيۈكخاننىڭ ئوغلانلىرى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى . ئاندىن كېيىن تامامى شاھزادىلەر ، نويانلار ۋە ئەمىرلەرگە غەيرىي مۇقەررەر ئىنئاملار بېرىپ ھەرقايسىسىنى ئۆز مەنزىلگىزگە قايتىڭ ، دەپ رۇخسەت بەردى .

## مەنگۇ قائاننىڭ قۇبىلاي قائاننى مەشرىقتەرەپتىكى مەملىكەتلەرگە ، خۇلاگۇخاننى مەغرىب تەرەپتىكىمەملىكەتلەرگە ئەۋەتكەنلىكىنىڭ زىكرى

باتۇ مەنگۇ قائاننى (لەقىمى سايىنخانىدى ) تەختتە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن مەملىكەتنى تۈزەشكە مەشغۇل بولدى . مەشرىق تەرەپتە يەنە ئەل بولمىغان نەچچە مەملىكەت بار ئىدى . مەغرىب تەرەپتىمۇ ئەل بولمىغان بىرنەچچە مەملىكەت بار ئىدى . قۇبىلاي قائاننى مەشرىققە ، خۇلاگۇنى مەغرىب تەرەپكە ئەۋەتتى . ئۆزى سانسىز لەشكەر بىلەن چىنماچىن ئۈستىگە يۈردى . چىن يۇرتىنى ئاز ئۆتمەيلا ئالدى . بىر ئۇلۇغ مۇستەھكەم قەلئە بار ئىدى . شۇ قەلئەنى قورشىدى . ھەرقانداق قەست بىلەنمۇ ئۇ قەلئەنى ئالالمىدى . قىش ئۆتۈپ ياز كەلدى . بەك ئىسسىق بولدى . ئەمىرلەر قائانغا «هاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى .

لەشكەرلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى ئىسسىق ئۆتۈپ ئۆلدى . ئەمدى يەنە قىش كېلىۋاتىدۇ . شۇڭا قايتىپ كېتەيلى » دېدى . قائان قوبۇل قىلماي «بۇ قەلئەنى ئالماي كەتمەيمەن » دېدى . ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر كېسەل تەگدى . سەككىز كۈن قىينىلىپ يېتىپ تۇققۇزىنچى كۈنى ئۆلدى .

## قۇبىلاي قائاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

قۇبىلاي قائان تولىخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولىدۇ . مەنگۇ قائان ئۆلگەندە خىتايدا ئىدى . بىر چاغدا مەنگۇ قائاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدى . كۆپ هازىلار تۇتتى . هازىدىن بېسىلغاندىن كېيىن يېنىدىكى شاهزادىلەر ۋە نويانلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى ـ دە ، داد ۋە ئەدلگە مەشغۇل بولدى . ئۇنىڭ بىر ئىنىسى بار ئىدى . ئىسمى ئارتۇق بوكا ئىدى . ئۇنى مەنگۇ قائان قاراقۇرۇمدىكى ئوردىسىغا تەيىن قىلغانىدى . ئۇمۇ مەنگۇ قائاندىن كېيىن خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ قۇبىلاي قائانغا ياۋ بولدى . قۇبىلاي قائاننىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆلتۇردى . دەشتى قىپچاقتا ساينىخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى بۇركا ئوغۇل خانلىق تەختىدە ئولتۇردى . ئارتۇق بوكا ئۇلۇغ لەشكەر بىلەن بۇركانىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئۇرۇشتى . بۇركا غالىب كەلدى . ئارتۇق بوكا قېچىپ قارا قۇرۇمغا كەلدى . ئۇ چاغدا قۇبىلاي قائان ئارتۇق بوكانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ قارا قۇرۇمغا كەلدى . ئارتۇق بوكا قائاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ قېچىپ كەتتى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئېتىنى ئاغرىتىپ ، تونىنى توزۇتۇپ قۇبىلاي قائاننىڭ دەرگاھىغا كېلىپ ئۆزرە ئېيتقانىدى ، قائانمۇ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى . شۇ هالدا خۇلاگۇ ، بۇركا ۋە ئالغۇدىن «بىز قۇبىلاي قائانغا ئىتائەت قىلىمىز ، ئۇنىڭ خانلىقىغا رازىمىز » دەپ ئەلچى كەلدى . قائان جەيھۇندىن تامىسىر ، شامغىچە خۇلاگۇغا بەردى . دەشتى قىپچاق بىلەن ئۇنىڭ ۋىلايەتلىرى ساينىخانغا تەئەللۇق ئىدى ، بۇركاغا بەردى . ئالتايدىن تا ئامۇ دەرياسىنىڭ كانارىغىچە ئالغۇغا بەردى . ئالغۇ چىغاتايخاننىڭ نەۋرىسى بولىدۇ . ئاندىن كېيىن قۇبىلاي قائان خىتاينىڭ هەممە ۋىلايەتلىرىنى ئالدى .

مۆتىۋەر راۋىيلار شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ ، خىتاي مەملىكىتى ئانداق مەملىكەت ئىدىكى ، ئۇلۇغلۇقتا ، كەڭلىكىدە ، خەلقىنىڭ كۆپلىكىدە ۋە ئاۋاتلىقىدا يەر يۈزىدە ئۇنداق مەملىكەت يوق . چىنگىزخان كىشۋەرىستان ۋاقتىدا خىتاي مەملىكىتىنى بېقىندۇردى . خانبالىغ خىتاينىڭ بىر ئۇلۇغ شەهىرى ۋە خىتاي پادىشاھلىرىنىڭ پەيتەختى . بۇ شەھەرنىڭ خەلقىنى قەتلىئام قىلىپ قەلئەنى ۋەيران قىلدى . مەنگۇ قائان بىن تولىخان سەلتەنىتىگە يەتكەندە خىتاينىڭ موغۇلغا تەئەللۇق ۋىلايەتلىرىنى ئىنىسى قۇبىلاي قائانغا بەردى . قائانمۇ خانبالىغنى ئاۋات قىلىپ پەيتەخت قىلىشنى ئويلىدى ـ يۇ ، كۆڭلىدە يەنە : «بۇ شەھەرنى قەدىم پادىشاھلار پايتەخت قىلىپ ئۇلارنىڭ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان . ئەمدى مەنمۇ بىر شەھەر سېلىپ ئۇنى پايتەخت قىلاي » دەپ ئويلىدى . شۇنىڭ بىلەن خانبالىقنىڭ يېنىغا بىر شەھەر سالدۇرۇپ ئېتىنى ئىدۇ قويدى . ئۇ شەھەرنى مۇرەببەئى سالغانىدى . ھەربىر قورۇنىڭ ئۇن يەتتە بۇرچى بار ئىدى . ھەر بۇرچىنىڭ ئارىسى ئالتە مىڭ قەدەم ئىدى . ھەر يەرلەردىن مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈللەرنى كەلتۈرۈپ ، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا تىكىپ ، ياخشى باغلار ۋە بوستانلار قىلدۇردى . ئۇن يىلدا شۇنداق ئاۋات بولدىكى ، قەلئەنىڭ ئىچىدە ئىمارەت سېلىنمىغان بىكار يەر قالمىدى . يەنە بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇلۇغ ساراي سالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئېتىنى قىرشى ، دەپ قويدى . ئۇ سارايىنىڭ ئۆگزىلىرى ياشىم تېشىدىن ئىدى . قورۇلىرى ۋە پەرش (تېگى ) لىرى رۇھام تېشىدىن ئىدى . پاكىزلىقتا ئالەمدە ئۇنداق يەر يوق ئىدى . يەنە ئۇ سارايىنىڭ ئەتراپىغا تۆت قات مۇرەببەئى قورۇ سالدۇردى . ھەر قورۇنىڭ ئارىسى ئۈچ يۈز قەدەم ئىدى . ئاۋۋالقى قورۇنى كىرياس قىلغانىدى . ئىككىنچى قورۇنىڭ ئىچىدە ئەمىرلىرى ئولتۇراتتى . ئۈچىنچى قورۇنىڭ ئىچىدە مۇھاپىزەتچىلەر ئولتۇ-راتتى ، تۆتىنچى قورۇدا ئۆزىنىڭ خاسلىرى ئوتتۇراتتى . سارايىنىڭ ئىچىدە ئۆزى ئولتۇراتتى . سارايدا قائان قىش بولغاندىلا ئولتۇراتتى . بۇ شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر ئۇلۇغ دەريا بار ئىدى . يەنە بۇ شەھەرگە يېقىن يەردىلا بىر كىچىك دەريا بار ئىدى . بۇ كىچىك دەريانىڭ ئەتراپىنى ياخشى ، مەزمۇت

قىلىپ چوڭ دەريادىن ئېرىق قېزىپ كىچىك دەرياغا سۇ كەلتۈرگەنىدى . كىچىك دەرياغا كىشتىي (قېيىق ، كېمە ، قولۋاق ) سېلىپ بەزىدە شۇ كىشتىيلارغا چىقىپ دەريانى سەيلە قىلاتتى . بەزىدە بېلىق ئوۋلىغانلارنى تاماشاقىلاتتى . ئەمما خانبالىغقا بازورگان (سودىگەر ، تىجارەتچى ، سېتىقچى ) كەلمەكچى بولسا كىشتىي بىلەن كېلەلمەيتتى . چۈنكى چوڭ دەريادىن بىر تارماق ئايرىلىپ كېلىپ چىن ۋىلايىتىدە ئاخىرلىشاتتى . بازورگانلار شۇ دەريا بىلەن كىشتىيغا ئولتۇرۇپ كېلىپ چىندىن چىقاتتى . ئاندىن يەنە ئات ، تۆگىگە ماللىرىنى يۈكلەپ قىرىق كۈندە خانبالىغقا كېلەتتى . بىر كۈنى قۇبلاي قائان خىتاينىڭ ھاكىملىرى ۋە دانىشمەنلىرىنى يىغىپ «مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى سودىگەرلەرنىڭ كېلىشى بىلەن بولىدۇ . بۇ شەھەرگە بازورگان (سودىگەر ) ئاسانلىق بىلەن كېلەلمەيدۇ . بۇنىڭغا ياخشى پىكىر قىلىپ ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭلار » دېدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھۆكۈمالار كېلىپ . «چىن شەھىرىنىڭ ۋە چىڭساي شەھىرىنىڭ دەريالىرىدىن ساقا ئېلىپ بىر ئۇلۇغ ئېرىق قازدۇرۇڭ . شۇ ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن بازۇرگانلار كىشتىيغا چىقىپ قىينالماي كېلىدۇ» دەپ ئەرز قىلدى . ئاندىن كېيىن قۇبلاي قائان چىندىن تا ئىدۇ شەھىرى ۋە خانبالىغنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر ئۇلۇغ ئېرىق قازدۇردى . بۇ ئېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق كۈنلۈك ئىدى . ئېنى (كەڭلىكى ) ئوتتۇز قەدەم ئىدى . قائان ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇپراقنى ئېلىپ يىراق تاشلاشقا بۇيرۇدى . بۇ ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشتىن بەلەن قورۇ سالدۇردى . ئاندىن ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەرەخ تىكتۇردى . بازۇرگانلار چىن ، چىڭساي ، ۋە زىتۇندىن تا خانبالىغقا كەلگۈچە سايىدا كېلىشەتتى . يەنە ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاغ تېشىدىن تاراش قىلىپ يول ياسىدى . ئاندىن چىندىن تا خانبالىغقا كەلگىچە مەزكۇر ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاشخانىلار ، ئۆيلەر ، دۇكانلار ۋە مېھمانسارايلارنى سالدۇردى . يەنە بۇ چوڭ ئېرىقتىن تارماق ئېرىقلار قېزىلىپ كەنتلەرنى ۋە قەلئەلەرنى باغلايتتى .

ئەمدى بۇ ئىدۇ شەھەرنى موغۇللار خانبالىق دەپ ئاتايتتى . بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىنى بايان قىلىدىغان بولساق بىر ئۇلۇغ كىتاب بولىدۇ . شۇڭا قىسقا ئېيتىپ ئۆتتۇق .

خىتاي خەلقىنىڭ رەسمىدە ئۇلۇغ دۆلەت ، شەھەر ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەر ، قەسەبچىلەر ، بەندەرلەرگە كىشتىي بىلەن كېلىپ ؛ كەنتلەرگە لەقەم قويۇپ تۇرىدىغان ئادەتلەر بار . ۋىلايەتلەرنىڭ لەقىمى توققۇز بولىدۇ . ھەرقايسىسىنىڭ مەرتىۋىسى بىر بىرىدىن ئۇلۇغ بولىدۇ . ئاۋۋالقى مەرتىۋىنى «كىڭ» دەيدۇ . ئىككىنچى مەرتىۋىنى «زۇ» دەيدۇ . بۇ ئاۋۋالقى مەرتىۋىدىن تۆۋەن بولىدۇ . ئۈچىنچى مەرتىۋىنى «فۇ» دەيدۇ . تۆتىنچى مەرتىۋىنى «جۇ» دەيدۇ . بەشىنچى مەرتىۋىنى «بۇن» دەيدۇ . ئالتىنچى مەرتىۋىنى «كۇن» دەيدۇ . يەتتىنچى مەرتىۋىنى «ھىن» دەيدۇ . سەككىزىنچى مەرتىۋىنى «چىن» دەيدۇ . توققۇزىنچى مەرتىۋىنى «سۇن» دەيدۇ . مەلۇم بولسۇنكى ، بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋە ھاكىملارنىڭ مەرتىۋىسى بىر – بىرىدىن تۆۋەن بولىدۇ . ئەمما رۇمدەك ، ئىراندەك مەملىكەتلەرنى «كىڭ» دەيدۇ . ئىستانبۇل ، مىسىر ۋە ئىسفاھاندەك شەھەرلەرنى «زۇ» دەيدۇ . ئالاھازەل قىياس ۋە قەسەبچىلەرنى «چىن» دەيدۇ . كەنتلەرنى «سۇن» دەيدۇ . بەندەرلەرنى «بوتۇ» دەيدۇ . بۇنداق تەرتىپ دۇنيا يۈزىدە خىتايدىن ئۆزگە يەردە يوق . يەنە ھەرقانداق ئەمىر ۋەزىرلىك نائىبلىققا لايىق بولسا ئۇنى «چىڭساڭ» دەيدۇ . سىپاھسالارنى «تايخۇ» دەيدۇ . يەنە ئىككى مىڭ ، ئۈچ مىڭ كىشىنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ئۇنىڭدىن سورايدىغان ئەمىرنى «تەكشى» دەيدۇ . تاجىكتىن ، ئۇيغۇردىن ۋەزىر بولسا ئۇنى «قىنجان» دەيدۇ . بۇنىڭدىن مەرتىۋىسى تۆۋەن ئەمىرلەرنى «يۈچەنەك» دەيدۇ . بۇنىڭدىن مەرتىۋىسى تۆۋەن ئەمىرنى «زۇچەنەك» دەيدۇ . بۇنىڭدىن مەرتىۋىسى تۆۋەن ئەمىرنى «ھەمچەنەك» دەيدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋىنىنى «سەممىي» دەيدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋىنىنى «كەنجۇن» دەيدۇ . بۇنىڭدىن تۆۋىنىنى «قانجۇن» دەيدۇ . يەنە بىر رەسمى شۇنداقكى ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئالتە نائىب قويىدۇ . بۇ نائىبلارنىڭ مەرتىۋىسى بىر – بىرىدىن بەلەن بولىدۇ . بۇ نائىبلار كۈندە دىۋانخانىدا ئولتۇرۇپ دەۋاگەر ۋە گۇناھكارلارنى سورايدۇ . دەۋاگەر ۋە گۇناھكارلارنى سورايدىغان يەرنى «لىن» دەيدۇ . ئەگەر بىر كىشى گۇناھكار بولسا ئۇنى ئاۋۋالقى نائىبنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ نائىب ئۇنىڭ گۇناھىنى سورايدۇ . ئاندىن ئۇنىڭ ھالىنى خەتكە يېزىپ گۇناھكار بىلەن خەتنى ئىككىنچى نائىبقا ئەۋەتىدۇ . بۇ نائىبنىڭ مەرتىۋىسى ئاۋۋالقى

نائىبدىن بەلەن بولىدۇ . ئۇنىڭ دەۋا سورايدىغان يېرىنى «ئۇسا» دەيدۇ . ئۇمۇ گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى سورايدۇ . يەنە خەت يېزىپ گۇناھكار بىلەن ئۇچىنچى نائىبقا ئەۋەتىدۇ . ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئىككىنچى نائىبدىن ئۈستۈن بولىدۇ . ئۇنىڭ دەۋا سورايدىغان يېرىنى «خەلسۇن» دەيدۇ . ئۇمۇ سوراپ دەپتەرگە يېزىپ تۆتىنچى نائىبقا ئەۋەتىدۇ . ئۇنىڭ دەۋا سورايدىغان يېرىنى «تۇنجۇن» دەيدۇ . ئۇمۇ گۇناھكارنى سوراپ دەپتەرگە يېزىپ بەشىنچى نائىبقا ئەۋەتىدۇ . ئۇنىڭ دەۋا سورايدىغان يېرىنى «رۇشتاي» دەيدۇ . لەشكەرنىڭ ئىشى مۇشۇ نائىبقا تەئەللۇق بولىدۇ . بۇمۇ گۇناھكارنىڭ ياخشى - يامىنىنى سوراپ دەپتەرگە يېزىپ ئالتىنچى نائىبقا ئەۋەتىدۇ . سودىگەرلەرگە يارلىق يېزىش ، مۆھۈر بېسىش ئىشلىرى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ . ئۇمۇ گۇناھكارنىڭ ياخشى - يامىنىنى سوراپ ۋەقەنى دەپتەرگە يېزىپ يەتتىنچى دىۋانخانىغا ئەۋەتىدۇ . بۇ دىۋانخانىنى «شىنەك» دەيدۇ . بۇ دىۋانخانىدا ئولتۇرۇپ دەۋا سورىغۇچى ئالدىنقى نائىبلاردىن ئۇلۇغ بولىدۇ . بۇ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى سوراپ ئاندىن ئۇنىڭغا لايىق سىياسەت قىلىدۇ . مەلۇم بولسۇنكى «شىنەك» ھەر شەھەردە بولمايدۇ ، پەقەت ئۇلۇغ شەھەرلەردە بولىدۇ . ئەمما ھەر شىنەكتە تۆت پۈتۈكچى ۋە ئەھلى مەنسەپلەر بىلەن ئولتۇرىدۇ . يەنى شىنەكلەر ئۇچۇن تەيىن قىلىنغان ئەمىرلەر ۋەنەكەرلەرنى خەتكە ئالىدۇ . ھەرقانداق نەۋكەر يىلدا قانچە كۈن خىزمەتتىن قالغان بولسا شۇنچىلىك پۇلى مائاشىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ . ئەگەر زىيادە خىزمەت قىلغان بولسا مۇكاپاتلايدۇ . قۇبىلاي قائان ئون ئىككى شەھەردە شىنەك قىلدۇردى . ئۇ شىنەك چەنەكدۇكە — موغۇللار ئۇنى خانبالىق دەيدۇ . ئىككىنچىسى شىنەك — چۇرچا ، ئۇچىنچىسى شىنەك — كوكەي (كوكى) ۋە بايكوبكا بۇ ئىككىسى چوڭ شەھەرلەر ، تۆتىنچىسى شىنەك — تەمكىنەك ، بەشىنچىسى شىنەك بىنەكخۇ ، ئالتىنچىسى شىنەك - چەنەكسەڭ ، يەتتىنچىسى شىنەك — فۇجۇ ، ، سەككىزىنچى شىنەك — لاۋكىنخۇ ، توققۇزىنچىسى شىنەك — كوڭلى ، ئونىنچى شىنەك — ناچى ، ئون بىرىنچى شىنەك — كىنخانقىق (كىنخانكىق) ، ئون ئىككىنچى شىنەك — قامجۇ ، بۇ مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ بارچىسى چوڭ شەھەرلەردۇر .

ئەمدى شىنەكنىڭ مەنىسىنى بايان قىلايلى : شىنەك دېگەنلىك — دىۋانخانە دېگەنلىك . ھەربىر شىنەكنىڭ چوڭلۇقى بىر كەنتچىلىك بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىغا چاھار (تۆت) بۇرچا قورۇ سېلىپ ئىچىگە ھۇجرا ، ساراي سېلىنىدۇ . دىۋان شۇ يەردە ئولتۇرۇپ دەۋاگەرنىڭ ۋە گۇناھكارنىڭ دەۋەسىنى ۋە گۇناھىنى سورايدۇ .

قۇبىلاي قائان ئوتتۇز بەش يىل پادىشاھلىق قىلدى . ئاندىن ۋاپات تاپتى . ئۆمرىنىڭ مۇددىتى يەتمىش ئۈچ يىل ئىدى . ئۇنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلىرى كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئېيتساق بۇ كىتابقا سىغمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقارتتۇق .

## تېمۇر قائان بىن چىمكىم بىن قۇبىلايقائاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

قائاننىڭ چىمكىم ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى . ئۇنى ۋەلىئەھدى قىلغانىدى . قائاننىڭ تىرىكلىكىدە ئۆلدى . ئۇنىڭ تېمۇر قائان ئاتلىق ئوغلى بارئىدى . ئاجايىپ باھادىر ۋە مەرد ئىدى . قائان ئۇنى ۋەلىئەھد قىلغانىدى .تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدا ئىدى . قائاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خانبالىققا باردى . خانبالىقتا ئۇنى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى .

ئالەمنى ئادالەت بىلەن سورىدى . كۆپ ۋىلايەتلەرنى بېقىندۇردى . ئۇ مەردلىكتە يېگانە ئىدى . بىر يىلى خىتايدا قار كۆپ يېغىپ ئاپەت بولدى . تامامى خەلقنىڭ يىلقا ، تۆگە ، سىيىر ۋە قويلىرى قىرىلدى . ئۇ تامامى خەلقنىڭ ئۆلگەن ماللىرىنىڭ پۇلىنى بەردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇشۇنىڭدەك يۇزمىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلغانىدى . قىسقارتتۇق . ئۇ ئالتە يىل پادىشاھلىق قىلدى . ئاخىرى ئىللەتى سەرۋەلەقۋا (پارالىچ) بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى .

# بەشىنچى باب

## چىنگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چىغاتايخاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە قەشقەردە پادىشاھلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى

چىغاتايخان ھەيۋەتلىك ۋە سىياسەتلىك پادىشاھ ئىدى . ئاقىل ۋە دانا ئىدى . چىنگىزخان ماۋەرائۇننەھرنى ۋە خارەزىمنىڭ بەزىسىنى ، بىلادى ئۇيغۇر ۋە قەشقەر ، بەدەخشان ، بەلخ ، غەزنىدىن تاكى سىند دەرياسىغىچە ئۇنىڭغا بەرگەن ئىدى . بۇ ئېيتىلغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا ئۆزى بارغان ئەمەس . ئەمما دارۇغالار قويغانىدى . ئۆزى ئوگادائىنىڭ يېنىدا ئىدى . موللا سەككاكىي ئۇنىڭ نادىمى ئىدى . بىر كۈنى سەككاكىي دۇئا ئوقۇپ بىر لەشكەر كىرگۈزدى . ئۇ لەشكەرنىڭ ئۆزى ۋە سەلاھى ئوتتىن ئىدى . چىغاتايخان ئىختىيارسىز ۋەھىمىگە چۈشتى . چىغاتايخاننىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى . ئۇ سەككاكىي بىلەن يامانىدى . بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ سەككاكىي ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىپ زىندانغا سالدۇردى . ئاخىرى سەككاكىي زىنداندا ئۆلدى . سەككاكىي ئۈستىدىن شۇنداق يالغانلار پەيدا قىلدىكى ، تامامى خەلق ئۇنىڭغا ھەيران بولۇشتى . چىغاتايخانغا ئاخىرى بىر كېسەللىك يېپىشىپ تېۋىپلەر ئىلاجىنى قىلىشقا ئاجىز كېلىپ تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز قىرقىنچى يىلى (مىلادى 1242 ـ 1243 ـ يىللار ـ ت) دۇنيادىن ئۆتتى .

## چىغاتايخاننىڭ خوتۇنلىرى ۋە ئوغلانلىرىنىڭ زىكرى

چىغاتايخاننىڭ خوتۇن ۋە قۇمالىرى كۆپ ئىدى . ئەمما ئىككى خوتۇنى مۆتىۋەرلىك ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى ـــ ياسۇلۇن .
ئۇ قوڭقىراتنىڭ پادىشاھى قۇبا نويان دېگەننىڭ قىزى ئىدى . چىغاتايخاننىڭ مۆتىۋەر ئوغلانلىرى شۇنىڭدىن تۇغۇلغان ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ـــ تورگەن خاتۇن ، ئۇ ياسۇلۇننىڭ سىڭلىسى بولىدۇ . ئۇنى ياسۇلۇن ئۆلگەندىن كېيىن ئالغانىدى . چىغاتايخاننىڭ يەتتە ئوغلى بار ئىدى . تەرتىپى مۇنداق : ئاۋۋالقىسىنىڭ ئېتى ـــ مۆتۈكان ، ئۇ ياسۇلۇن خوتۇندىن تۇغۇلغان . ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ـــ مۆچى ، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ـــ بەلەدشى ، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ـــ سەيىنبىلگە ، بەشىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ـــ سەرمان ، ئالتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ـــ ياسۇمۇنكا ، يەتتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى ـــ بەيدەر .

## چىغاتايخاننىڭ ئەۋلادىدىن ماۋەرائۇننەھردە پادىشاھلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى

چىغاتايخان ئۆلگەندىن كېيىن قارا خۇلاگۇ بىن مۆتۈكەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن مۇبارەكشاھ بىن قارا خۇلاگۇ بىن مۆتۈكەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . ئەمما مۇبارەكشاھ نارەسىدە ئىدى . ئانىسى ئەرغەنە خوتۇن مەملىكەتنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى سورايتتى . ئاندىن كېيىن ئالغۇ بىن بەيدەر بىن چىغاتاي پادىشاھ بولدى . ئاندىن بەرەقخان بىن ياسۇنتۇ بىن مۆتۈن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . يەنى ئىككى يىلدىن كېيىن مۇسۇلمان بولدى . ئۇنىڭغا سۇلتان غىياسىددىن دېگەن

لەقەمنى قويدى . ئۇ كىشى چىغاتاي ئەۋلادىدىن ماۋەرا ئۇننەھرده ئىمان نۇرىغا مۇشەررەپ بولدى . ئاندىن كېيىن بېگى بىن سەرمەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن بۇغا تېمۇرخان بىن قۇداغاي بىن بۇزاي بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن دۇيچېچەن بىن باراقخان بىن ياسۇنتۇ بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . ئاندىن كۇنچە خان بىن دويچېچەن بىن بەرەقخان خان بولدى . ئاندىن كېيىن تەلىغۇ بىن قۇدگەي بىن بۇزاي بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن ئېسەن بۇغابىن دويچېچەن خان بولدى . ئاندىن كېيىن كوپەك بىن دويچېچەن خان بولدى . ئاندىن كېيىن دوي تېمۇرخان بىن دويچېچەن خان بولدى . ئاندىن كېيىن تەرمەشىرىن بىن دويچېچەن خان بولدى . ئاندىن مۇسۇلمان بولدى . تامامى ئۇلۇسى ماۋەرائۇننەرھرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدى .

بەراقخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئېيتىلغاندى . پەراقخان ئۆلگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانلار ـ نىڭ ھەممىسى قايتىپ ئاۋۋالقى دىنلىرىغا كىرىشتى . ئەمما تەرمە شىرىن بىلەن مۇسۇلمان بولغانلار قايتمىدى . ئاندىن كېيىن بوران بىن دوي تېمۇر بىن دوي چېچەن پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن چەنەكشى بىن ئابۇكەن بىن دوي چېچەن پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن ياسۇن تېمۇر بىن ئابۇكەن بىن دوي ، چېچەن پادىشاھ بولدى . چەنەكچى بىلەن ياسۇن تېمۇر بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن تۇغۇلغانىدى . ياسۇن تېمۇر چەنەكشىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىتتىپاق قىلغانىدى . ئانىسى بۇ خەۋەرنى چەنەكشىگە ئېيتتى . ئاندىن كېيىن چەنەكشى بىلەن ياسىن تېمۇر سەپ تارتىپ ئۇرۇشتى . ياسىن تېمۇر چەنەكشنى بېسىپ ئۆزىنى ۋە لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈردى . يەنە ئانىسىنىڭ ئىككى ئەمچىكىنى كەستى . ئاندىن كېيىن ئوگادايخان نەسلىدىن ئەلى سۇلتان دېگەن چىغاتايخان ئەۋلادىنى يېڭىپ ماۋەرائۇننەرھرگە پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن مۇھەممەد بىن پولاد بىن كۇنچەك بىن دوي چېچەن پادىشاھ بولدى . ئاندىن كېيىن قازان سۇلتانخان بىن ياسۇر بىن ئورەك تېمۇر بىن بۇغا تېمۇر بىن قۇداغاي بىن بۇزاي بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان پادىشاھ بولدى .

مەلۇم بولسۇنكى ، چىغاتايخان ئەۋلادىدىن ماۋەرئۇننەھرده يىگىرمە بىر كىشى پادىشاھلىق قىلدى . ئاندىن كېيىن ھەر ئىككى چىغاتايخان ئەۋلادىدىن پادىشاھ بولدى . ئەمىرلەر خان ياساپ خانلىق تەختتە ئولتۇرغۇزدى . ئەمما ئېتى خان بولدى . لېكىن ھۆكۈمەت مەسلىھەتىدىكى ھېچنېمىگە ئارىلىشالمايتتى . بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا بۇ گۇۋاھ بولىدۇ : قازان سۇلتانخان ئاجايىپ غەيرىي پادىشاھ ئىدى . ھەر ۋاقىت ئەمىرلىرى كۆرۈنۈشكە بارغان چاغدا بالا ـ چاقىلىرى بىلەن چىقىپ خوشلىشىپ ، بەجەللىك تىلەپ ئۆزۈتار ئىدى . بۇ سەۋەبىن خەلق ئۇنىڭغا ئاساسي بولدى . يەنى تۇنىب خەلقىدىن ئەمىر قەزغەن دېگەن قازان سۇلتانخانغا تىغ تارتتى . بۇ ئىككىسى ئۇرۇش قىلدى . قازان سۇلتانخان ئەمىر قەزغەننى يېڭىپ ئۇنىڭ تائىبىلىرىنى (ئېلىنى ) ئۆلتۈرۈپ ، تالاپ كېلىپ قەرشىدە قىشلىدى . ئەمىر قەزغەن قېچىپ قۇتۇلدى . ئەمما قەرشىدە قار كۆپ ياغدى ـ دە ، قازان سۇلتانخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلدى . ئەمىر قەزغەن بۇ ھالدىن خەۋەر تېپىپ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن كېلىپ قازان سۇلتانخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاخىرى ئەمىر قەزغەن غەلىبە قىلىپ قازان سۇلتانخاننى دەرىجەئى شاھادەتكە يەتكۈزدى (ئۆلتۈردى ) .

چىنگىزخاننىڭ ئوغلى چىغاتايخان نەسلىدىن ماۋەرائۇننەھرده تا قازان سۇلتانخاننىڭ شاھادىتىگىچە بىر يۈز توققۇز يىل سەلتەنەت سۈردى . يىگىرمە بىر تەن ئىدى .

ئەلقىسسە ، ئەمىر قەزغەن دانىشمەند جاھان بىن قايدۇخان بىن تەيشى بىن ئوگاداي قائان بىن چىنگىزخاننى خان قىلدى . ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈردى . ئاندىن كېيىن بايانقۇلىخان بىن سۇرغۇ بىن دوي چېچەن بىن بەراق بىن ياسۇشۇ بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان بىن چىنگىزخاننى خان قىلىنىشتى . ئەمىر قەزغەن ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئابدۇللاھ بايانقۇلىخاننىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بولدى . ئاندىن خاننى بىگۇناھ ئۆلتۈردى ۋە تېمۇرشاھ بىن ياسۇن تېمۇربىن بوكە بىن دوي چېچەن بىن بەراقخان بىن ياسۇنتۇخان بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخاننى خان قىلدى . ئەمىر ئابدۇللاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇرادىرى ئەمىر ھۈسەيىن بىن بىسەلەي بىن ئەمىر قەزغەن تۇنىيات ئادىل سۇلتان بىن مۇھەممەد پۇلاد

بىن كۆنچەك بىن دوي چېچەن بىن بەراقخان بىن ياسۇنتۇ بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخاننى خان قىلدى . ئەمىر تېمۇر ئەمىر هۇسەيىننىڭ قەستىگە ئاتلانغان ۋاقىتتا ئەمىر هۇسەيىن خاندىن گۇمان قىلىپ خاننىڭ قول پۇتىنى باغلاپ دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈردى . ئاندىن كېيىن قەبۇل سۇلتان بىن دۇرچى بىن ئىلچىكداي بىن دوي چېچەننى خان قىلدى . ئاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر تاراغاي بارلاس بەلخ ئۈستىدە ئەمىر هۇسەيىن بىلەن ئۇرۇش قىلدى . ئەمىر تېمۇر يەڭدى . ئەمىر هۇسەيىن بىلەن خاننى ئۆلتۈردى . ئاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر سۇيۇرغىتمىشخان بىن دانىشمەند جاهان بىن قايدۇ بىن تايشى بىن ئوگاداي قائان بىن چىنگىزخاننى خان قىلدى . سۇيۇرغىتمىشخان هەق رەهمىتىگە كەتكەندىن كېيىن ئوغلى مەهمۇد سۇلتاننى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا خان قىلىشتى . قازان سۇلتانخاندىن كېيىن ئېيتىلغان خانلارنىڭ پەقەت ئېتىلاخان ئىدى ، ئۇلارنىڭ هېچ ئىشقا ئىختىيارى يوق ئىدى .

ئەلقىسسە ، هەريەردە هەر قەبىلىنىڭ ئۇلۇغى ئۆز ئالدىغا خان قىلىپ كۆتۈرۈلدى . يەككە دۆلەتلەر كۆپەيدى . ئەمىر تېمۇر بىن تاراغاي بارلاس قېرىنداش ئۇرۇغنى يىغىپ بىر سائەت ئۇرۇش ـ جېدەلدىن بېشى ساقايمىدى . شۇ زاماندا چىغاتايخان نەسلىدىن توقلىق تېمۇرخان (تۇغلۇق تۆمۈرخان ـ ت ) دېگەن قەشقەردە ئەزىم ئىشانخانلىق قىلىۋاتاتتى .

ماۋەرائۇننەهرىنىڭ ئاخباراتىنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە هەۋەس قىلىپ هېسابسىز لەشكەر بىلەن ماۋەرائۇننەهرگە كەلدى . بىرنەچچە خەلق بويسۇندى ، بېقىندى . بىرنەچچە خەلق خاننىڭ قولىدا ئۆلدى . بىرنەچچە خەلق قېچىپ كەتتى . ئەمىر هۇسەيىن بىلەن ئەمىر تېمۇر نېكۇدارى هەزارە ئىچىگە قېچىپ باردى . توقلۇق تېمۇرخان بىر يىل ماۋەرائۇننەهردە تۇردى . ئىلياس خوجا ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى . ماۋەرائۇننەهرىنىڭ هۆكۈمىتىنى ئۇنىڭغا بەردى . ئۆزى يەنە قەشقەرگە قايتىپ كەتتى . بىر يىلدىن كېيىن ئۆلدى . ئۇنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەمىر تېمۇر بىلەن ئەمىر هۇسەيىن كېلىپ ئىلياس خوجا بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلدى . ئىلياس خوجا قەشقەرگە قېچىپ كەتتى . ئاندىن كېيىن ماۋەرا ئۇننەهردە بۇ ئىككى ئەمىردىن ئۆزگە ئۇلۇغ كىشى قالمىغاچقا ئاخىرى بۇ ئىككى ئەمىر بەلخ ئۈستىدە ئۇرۇش قىلدى . ئەمىر تېمۇر يېڭىپ ، ئەمىر هۇسەيىننى ئۆلتۈرۈپ ماۋەرا ئۇننەهردە ئۆزى يەككە بولدى . سۇيۇرغىتمىشخاننى خان قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى . نامدا ئۇ خان بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزى خان ئىدى . خۇتبىنى ئۇنىڭ نامىدا ئوقۇيتتى . سۇيۇرغىتمىشخان يىگىرمە ئىككى يىل ئۆتكەندە هەق رەهمىتىگە كەتتى . ئاندىن كېيىن ئەمىرتېمۇر ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەهمۇدخاننى خان قىلدى . سۇلتان مەهمۇد ئەمىر تېمۇرنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى شۇنداق ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بىلەتتى . هەتتا ئۇ ، ئۇنىڭ (ئەمىر تېمۇر ) قاتارىدا پەقەت ئولتۇرماس ئىدى . كېچە ـ كۈندۈز «قۇرئان» ۋە ناماز ئوقۇپ ، روزا تۇتۇپ ئەمىر تېمۇرنىڭ دۆلىتىگە دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى . ئەمىر تېمۇر يارلىقلارنى : «ئادىل مەهمۇدخان هۆكمىدىن ، ئەمىرغازىي سۆزىدىن» دەپ يازدۇراتتى . توي ۋە هېيتلاردا ئەمىر تۆمۈر خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ ئەدەپ بىلەن تىز پۈكۈپ ئولتۇراتتى . ئەلچى كەلگەندە ئەمىرتېمۇر خاننى كۆرۈنۈش قىلىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇراتتى .

ئەلقىسسە ، ئەمىر تېمۇر سۇلتانلىقىدىن ئوتتۇز ئۈچ يىل ئۆتۈپ ، ئۆمرىدىن ئاتمىش يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن رۇم ئۈستىگە باردى . ئىلدىرىم بايازىد بىلەن روبىي روي بولۇپ سۈبهى ۋاقتىدىن تاكى يېرىم كېچىگىچە ئۇرۇشتى . ئىلدىرىم بايازىد قاچتى . مەهمۇدخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى . ئاخىرى ئەتىسى پېشىن بولغاندا ئارقىدىن يېتىشىپ ئىلدىرىم بايازىدنى تۇتۇپ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمىرتېمۇر شۇ يىلى رۇمدا تۇرۇپ ئىلدىرىم بايازىد بىلەن مەهمۇدخاننى ئۆلتۈرۈپ خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتۇپ ، يارلىقنى ئۆز نامىدا بېرىدىغان بولدى . ئاندىن كېيىن سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى . يەنە خىتاي مەملىكىتىنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى . ئوترارغا كەلگەندە دارۇل فانادىن دارۇل باقىيغا رىهلەت قىلدى . ئۆمرىنىڭ مۇددىتى يەتمىش بىر ياش بولدى . سەلتەنەت مۇددىتى ئوتتۇز ئالتە يىل بولدى . بۇ تارىخ هىجرىيىنىڭ سەككىز يۈز يەتتىنچى (مىلادى 1404 ـ 1405 ـ يىللار ـ ت ) يىلى بولدى .

## توغلۇق تېمۇرخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

چىغاتايخان ئەۋلادىدىن ئېلاجە لەقەملىك ئېسەن بۇغا بىن دوي چېچەن بىن بەراق بىن ياسۇنتۇ بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان ماۋەرا ئۇننەھردە تۇغۇلغانىدى. قەشقەر، ياركەند، ئالاتاغ، ئۇيغۇرىستان مەملىكىتىدە چىغاتايخان نەسلىدىن پادىشاھلىققا يارايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇل ئەمىرلىرى يىغىلىپ كېڭەش قىلىپ بۇخارادىن ئېسەن بۇغانى كەلتۈرۈپ قەشقەر، ياركەند، ئالاتاغ ۋە موغۇلىستانغا پادىشاھ قىلىشتى. ئۇنىڭ ساتىلمىش خاتۇن دېگەن خوتۇنى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھېچبىر ئوغلانى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ماڭلاي ئاتلىق كېنىزىكىنى ئوردىدا ساقلاپ باقاتتى. بىرچاغدا ئۇ كېنىزەك خاندىن ھامىلدار بولدى. خان شىكارغا كەتكەندە ساتىلمىش خاتۇن ئۇ كېنىزەكنى شىرا ئوغۇل دېگەن موغۇلغان بەردى. يەنە ئۇنىڭغا: «سەن بۇ مەملىكەتتە تۇرما، موغۇل يۇرتىغا كۆچۈپ كەت» دېدى. ئۇ موغۇل بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىپ كۆچۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ كېنىزەكنىڭ خاندىن ھامىلدار بولغانلىقىنى تامامى خەلق بىلگەنىدى. خان شىكاردىن قايتىپ كېلىپ ئۇ كېنىزەكنى سورىدى. يۇرت بولغان ۋەقەنى ئېيتتى. خان ساتىلمىش خاتۇنغا ھېچنېمە دېمىدى. چۈنكى موغۇلنىڭ قائىدىسىدە پادىشاھ نەچچە خوتۇن ئالسا بىر خوتۇننى ئۆزگىلەرگە ھاكىم قىلاتتى. بۇ خوتۇن ئۆزگە خوتۇنلارغا ھەرنېمە دېسە ئۇنىڭغا گەپ كەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېسەن بۇغا خان ئۆلدى. چىغاتاي ئەۋلادىدىن پادىشاھلىققا لايىق كىشى قالمىدى. ھەرقەبىلە ئۆز ئالدىغا بىر خان كۆتۈرۈشتى، يەككە دۆلەتلەر كۆپەيدى. ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئەمىرى پولادچى دېگەن ئەمىر بار ئىدى. ماڭلاي خوتۇننىڭ ھامىلدار كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. تاشتېمۇر دېگەنگە ئوزۇق ئۈچۈن ئۈچ يۈز قوي بەردى. يەنە «ھەرقانداق چاغدا سەن ماڭلاي خوتۇننىڭ بالىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسەڭ ھەددى ـ ھېسابسىز تەڭگە بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ ئەۋەتتى. تاشتېمۇر كۆپ جايلارنى ئارىلاپ موغۇل يۇرتىغا كەلدى. بىر چاغدا بىر مەھەللىگە كەلدى. «بۇ مەھەللە كىمنىڭ مەھەللىسى؟» دەپ سورىۋېدى «شىرا ئوغۇلنىڭ مەھەللىسى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. تاشتېمۇر ماڭلاي خوتۇننىڭ بالىسىنىڭ خەۋىرىنى سورىدى. «ماڭلاي خوتۇننىڭ ئېسەن بۇغادىن بىر ئوغلى بولدى. ئېتىنى توغلۇق تېمۇر قويدى. شىرا ئوغۇلدىن بىر ئوغلى بولدى. ئۇنىڭ ئېتىنى تېمۇر مالىك قويدى» دەپ جاۋاب بەردى يۇرت خەلقى. بۇ ئوغۇللارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەھەللىدە ئويناپ يۈرۈشەتتى.

ئەلقىسسە، تاشتېمۇر كۆپ ھىيلىلەر قىلىپ توغلۇق تېمۇرخاننى ئەمىر پولادچىغا كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن ئەمىر پولادچى دوغلات توغلۇق تېمۇرخاننى خان قىلىپ كۆتۈرۈپ موغۇل رەسمىچە تويلار قىلدى. توغلۇق تېمۇرخان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر، ياركەند، ئالاتاغ ۋە ئۇيغۇرىستاننى ئالدى. ئاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتىنى تەختى تەسەررۇفىغا كىرگۈزۈپ، ئىلياس خوجا ئاتلىق ئوغلىنى سەمەرقەندە قويۇپ ئۆزى قايتىپ كېلىپ ھەق رەھمىتىگە كەتتى.

ئۇ كىشى چىڭگىزخان نەسلىدىن قەشقەردە مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: بىر كۈنى خان شىكار قىلىپ يۈرەتتى. بىرچاغدا بىر جامائەتكە نەزىرى چۈشتى. بۇ جامائەت كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇرغانىدى. خان: «شۇ جامائەتنىڭ قولىنى ۋە بويىنىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ياساۋۇللار بېرىپ ئۇلارنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى. خان «مېنىڭ يارلىقىمنى تۇتماي، مېنىڭ شىكارگاھىمدا نېمە قىلىپ يۈرۈسىلەر» دېدى. ئەسلىدە خان «شىكارگاھقا كىشى بارمىسۇن» دەپ يارلىق قىلغانىدى. بۇ باغلاپ كەلتۈرۈلگەن خەلقنىڭ ئۇلۇغى شەيخ جامالىددىن دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ شەيخ شۇجائۇددىن بۇخارىينىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ھالىلىقراق ئىدى. شەيخ ئېيتتى: «بىز مۇساپىرمىز، پادىشاھنىڭ يارلىقىنى بىلمىدۇق. كەتەك دېگەن يەردىن كۆچۈپ كەلگەنىمىز» خان: «تاجىكمۇ سىز؟» دەپ سورىدى. شەيخ «تاجىكمىز» دەپ جاۋاب بەردى. خان: «تاجىكتىن ئىتمۇ ئارتۇق تۇرىدى» دېدى. شەيخ: «ئىمان بىزدە بولمىسا ئىتتىنمۇ كەم تۇرىمىز» دېدى. بۇ سۆز خاننىڭ كۆڭلىنى ئەسىر قىلدى. بىر ياساۋۇلىغا: «مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ تاجىكنى ئېلىپ كەلگەيسەن» دەپ بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خان قايتىپ بارغاندىن كېيىن ياساۋۇل شەيخنى خان ئالدىغا ئېلىپ باردى . خان خىلۋەتتە ئولتۇراتتى . خان : «سەن ئىمانسىز كىشى ئىتتىنمۇ كەم تۇرىدۇ ، دېدىڭ . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئىمان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى . شەيخ ئىماننى ئانداق تەرىپ قىلدىكى ، خاننىڭ تاشتەك قاتتىق كۆڭلى مومدەك ئېرىدى . كۇفۇرنى شۇنداق يامان كۆرۈپ ، كۇفۇرلۇقتىن بىزار بولدى . ھەم كۆپ يىغلىدى . ئاندىن شەيخكە : « مۇسۇلمانلىقنى ئاشكارا قىلسام . خەلقنى باشقۇرالمايمەن . سەۋر قىلغىن ، ھەرقاچان مەۋرۇسىي مەملىكەتلىرىمنى ئالسام چوقۇم مېنىڭ يېنىمغا كەل» دېدى .

شەيخ قايتىپ كەلدى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن شەيخ كېسەلگە دۇچار بولدىدە ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلدى : «بۇ خان ئۇلۇغ پادىشاھ بولغۇدەك . قورقماي خاننىڭ يېنىغا بېرىڭلار ، مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزۈڭلار ، ئاندىن مېنىڭ بىلەن قىلغان ئەھدىنى ئېيتىڭلار ، پەقەت قورقماڭلار» دېدى . ئاندىن دارۇل فانادىن دارۇل باقىيگە كەتتى . شەيخنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئېتى راشىدىددىن ئىدى . شەيخ ئۇلارنى ۋەلىئەھدى قىلدى . ئاندىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن خان قەشقەر ، تاشكەنت ، ياركەند ، ئۇيغۇرىستان ، ئەندىگان (ئەندىجان) ، سەمەرقەند ، بۇخارا ۋە پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى ئالدى . شەيخ راشىدىددىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېيتماق ئۈچۈن خاننىڭ ئوردىسىغا كەلدى . ھەرقانچە قىلىپمۇ خاننى كۆرەلمىدى . بىر كۈنى سۈبھى سادىق بولغاندا ئوردىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتتى . خان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «شۇ كىشىنى ئېلىپ كەل» دەپ كىشى ئەۋەتتى . ئۇلار بېرىپ شەيخنى ئېلىپ كەلدى . خان : «سەن بىزنى تاتلىق ئۇيقىمىزدىن نېمە ئۈچۈن ئويغاتتىڭ؟» دېدى . شەيخ راشىدىددىن ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ خانغا بايان قىلدى . خان ئۆزى كەلىمەئى شاھادەتنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى . ئاندىن ئەمىرلىرىنى چاقىرىپ مۇسۇلمان قىلدى . ئەمما چۇراس ئاتلىق بىر بېگى : «بۇ يەردە بىر پەھلىۋان بار ، بۇ تاجىك ئۇنىڭ بىلەن چېلىشسۇن ، ئەگەر ئۇنى يىقىتسا مەن مۇسۇلمان بولىمەن» دېدى . خان بۇنى ماقۇل كۆرمىدى . شەيخ راشىدىددىن : «ئەمىر چۇراس ياخشى شەرت قويدى . پەھلىۋاننى ئېلىپ كېلىڭلار ، چېلىشايلى» دېدى . موغۇلنىڭ پەھلىۋانىنى ئېلىپ كەلدى . شەيخ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىۋېتىپ پەھلىۋاننىڭ كۆكرىكىگە سەللە بىلەن بىرنى ئۇردى . پەھلىۋان بىھوش بولۇپ يىقىلدى . بىر زاماندىن كېيىن پەھلىۋان ئۆز ھالىغا كېلىپ كەلىمەئى شاھادەتنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، يەنە شەيخنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەمىر چۇراس مۇسۇلمان بولدى . شۇ كۈنى بىر يۈز ئاتمىش مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولدى . چىغاتاي ئېلىنىڭ ئىچىدە ئىسلام ئاشكارا بولدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىر پولادچى ۋاپات تاپتى . توغلۇق تېمۇرخاننى خانلىق مەنسىپىدە ئولتۇرغۇزغانىدى . ئۆزى ئەمىرلەرنىڭ ئەمرى ئىدى . ئۇنىڭدىن يەتتە ياشلىق خۇدايداد ئاتلىق ئوغلى قالدى . ئاتىسىنىڭ مەنسىپىنى ئۇنىڭغا بەردى . ئەمما ئەمىر پولادچى بەش ئاكا ـ ئىنى ئىدى . ئۈچىنچى ئىنىسىنىڭ ئېتى قەمەرىددىن ئىدى . ئۇ بەك ئەقىلسىز ئىدى . ئەمما پەھلىۋان ئىدى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى خان كۆرۈنۈش خانىدە ئولتۇراتتى . قەمەرىددىن كېلىپ : «ئەمىر خۇدايداد تېخى گۆدەك ، مۇنداق ئۇلۇغ ئەلگە سەردارلىق قىلىپ باشقۇرالمايدۇ ، ئۇنىڭ مەنسىپىنى ماڭا بېرىڭ ، تا ئۇ ئەلنى باشقۇرغۇدەك بولغۇچە مەندە تۇرسۇن» دەپ ئەرز قىلدى . خان بۇنى قوبۇل قىلمىدى . شۇ سەۋەبتىن قەمەرىددىن خاندىن ئاغرىنىپ كۆڭلىدە ساقلىدى . توغلۇق تېمۇرخان تارىخ ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇزىنچى يىلى (مىلادى1320 ـ 1330 ـ يىللار ـ ت) تۇغۇلدى . ئون ئالتە يېشىدا ئەمىر پولادچى دۇغلاتنىڭ قوللىشى بىلەن كېلىپ خان بولدى . يىگىرمە تۆت يېشىدا ئىمان نۇرىغا مۇشەررەپ بولۇپ مۇسۇلمان بولدى . ئوتتۇز تۆت يېشىدا تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن دارۇل فانادىن دارۇل باقىيگە كەتتى . خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەمەرىددىن دۇغلات ياۋلىق ئۇتىنى چېچىپ ، ئىلياس خوجا بىن توغلۇق تېمۇرخاننى شېھىت قىلدى . شۇ كۈنى توغلۇق تېمۇرخاننىڭ نەسلىدىن چوڭ ـ كىچىك ئون سەككىز كىشىنى شېھىت قىلدى . يەنە ئىشەنچىلىك كىشىلىرىنى ، ھەريەردە توغلۇق تېمۇرخاننىڭ نەسلىدىن مەۋجۇت بولسا ئۆلتۈرۈڭلار ، دەپ قويدى . ئاندىن كېيىن قەمەرىددىن ئۆزىنى خان ، دەپ ئاتاپ خۇتبە ۋە يارلىقنى ئۆز نامىغا قىلدى . توغلۇق تېمۇرخاندىن ئەمچەكتە قالغان بىر ئوغلان بارئىدى . ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئېتى ئەمىر ئاغا ئىدى . ئەمىر ئاغا خوتۇن بۇ ئوغلاننى ئېلىپ ئەمىر خۇدايدادنىڭ قېشىغا

باردى . ئەمىر خۇدايداد بۇ ئوغۇلنى ھىمايىسىگە ئالدى . قەمەرىددىن بىرنەچچە رەت بالىنى سوراپ كىشى ئەۋەتتى ، بەرمىدى . شۇ چاغدا ئەمىر تىمۇر ھېسابسىز لەشكەر بىلەن قەمەرىددىننىڭ ئۈستىگە كەلدى . بۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا ، ئەمىر خۇدايداد توغلۇق تىمۇرخاننىڭ ئوغلىغا ئىنىكئانا تەيىنلەپ . ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بىرنەچچە ئىشەنچلىك كىشىلەر بىلەن بەدەخشانغا ئەۋەتتى .

ئەلقىسسە ، ئەمىر تىمۇر قەمەرىددىننىڭ ئۈستىگە بەش قېتىم ھۇجۇم قىلدى ھەر قېتىمقى ھۇجۇمى دەھشەتلىك ئىدى .

ئەقلىسسە ، ئەمىر تىمۇر ئاخىرقى قېتىم كەلگەندە قەمەرىددىن بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانىدى . ئەمىر تىمۇرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بىرنەچچە خەلق بىلەن قاچتى . چۈنكى قەمەرىددىندە جان قايغۇسىدىن باشقا خىيال قالمىغانىدى . قەمەرىددىننى ھەمراھلىرى بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇق بىلەن بىركېنىزەككە تاپشۇرۇپ بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىر تىمۇرنىڭ كېلىۋاتقىنى يالغان ئىكەن ، دېگەن خەۋەر يەتتى . خەلق ئۆز يەرلىرىگە قايتىپ كەلدى . بۇ خەۋەرنى قەمەرىددىنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىشىلەر قەمەرىددىننى شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭدىن ئەسەر ۋە ئالامەت ئالالماي قايتىپ كېلىشتى . ئاخىرى قەمەرىددىننىڭ مەلىكە ھاجىمنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى مەلۇم بولدى .

ئەلقىسسە ، بەدەخشان تەرەپكە ئەۋەتكەن ئوغلانىنىڭ ئېتى خىزىر خوجا ئىدى . خىزىر خوجىنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان قىلدى . شۇ چاغدىن بۇ چاغقىچە قەشقەر ، ياركەندتە كىمدە كىم پادىشاھ بولغان بولسا ئۇ خىرىز خوجاخان بىن توغلۇق تىمۇرخان بىن ئېسەن بۇغاخان بىن دوي چېچەن بىن بەراقخان بىن ياسۇنتۇ بىن مۇتۇكەن بىن چىغاتايخان بىن چىنگىزخاننىڭ نەسلىدىن بولغان . ئاق مانقىت (مانغىت ) قەبىلىسىدىن قۇتلۇققىيا دېگەن بىر كىشى بار ئىدى . ئۇنىڭ بىر ئوغلى ، بىرقىزى بار ئىدى . قىزنى تىمۇرنىڭ ئوغلانى ئالدى . تىمۇر قۇتلۇقخان ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا كەلدى . ئوغلىنىڭ ئېتى ئېدىگەي . ئۇ توقتامىشخانغا نەۋكەر بولدى . توقتامىش ئورۇسخاندىن قېچىپ تىمۇربىينىڭ يېنىغا سەمەرقەندكە كەلدى . ئارقىدىن ئېدىگەي مانغىت كەلدى . ئۇ «ئورۇسخان لەشكەر توپلاپ بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى» دېدى . تىمۇربىينىڭ مەدىتى بىلەن توقتامىشخان ئورۇسخاننى يېڭىپ ، جوچىخاننىڭ خەلقىگە ئىگە بولۇپ ، شەھىرى سارايدا خانلىق تەختىدە ئولتۇردى . تىمۇر قۇتلۇقخاننىڭ ھەددى تەمىزگە يەتكەندىن كېيىن ئېدىگەي مانقىت توختامىشخاندىن ئايرىلىپ تىمۇر قۇتلۇقخانغا قوشۇلدى . تىمۇر قۇتلۇقنىڭ كۆڭلىدە پادىشاھلىق داغداغىسى بارئىدى . شۇ سەۋەبتىن توقتامىشخانغا گەدەنكەشلىك قىلاتتى . توقتامىشخان ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى . تىمۇر قۇتلۇقخان ئۇنىڭدىن قېچىپ تىمۇر بىينىڭ يېنىغا كەلدى . ئېدىگەي مانقىت تىمۇر قۇتلۇقتىن ئايرىلىپ قالغانىدى . ئالتە ئايدىن كېيىن ئېدىگەي مانقىت تىمۇر قۇتلۇققا كېلىپ قوشۇلدى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئەمىر تىمۇر ئىران مەملىكىتىگە ئاتلاندى . توقتامىشخان ماۋەرائۇننەھرنى خالىي تېپىپ سەمەرقەندكە كېلىپ بىرنەچچە مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلىپ ، بۇلاپ - تالاپ قايتىپ كەتتى . ئەمىر تىمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىپ سەمەرقەندتە تۇرماي توقتامىشخاننىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى . ئاتىل دەرياسىنىڭ بويىدا توقتامىشخان بىلەن ئۇچراشتى . ئاخىرى ئەمىر تىمۇر نۇسرەت تېپىپ توقتامىشخان قېچىپ كەتتى . تىمۇربىي نۇرغۇن خەلقنى قەتلىئام قىلدى . يۇقىرىدا تىمۇر قۇتلۇقخان توختامىشخاندىن قېچىپ ئەمىر تىمۇرنىڭ قىشىغا كەلدى ، دەپ ئېيتقان ئىدۇق . شۇ تىمۇر قۇتلۇق بىر چىرىكتە ئەمىر تىمۇر بىلەن ھەمراھ ئىدى . ئەمىر تىمۇرغا كېلىپ ئەرز قىلدى : «توقتامىشخان مېنىڭ خەلقىمنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغانىدى . ئەمدى ئاڭلىسام ئۇلارنىڭ ھەممىسى سالامەت ئىمىش ، ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ئېلىپ كېلەر ئىدىم .» ئەمىر تىمۇر تىمۇر قۇتلۇققا رۇخسەت بەردى . تىمۇر قۇتلۇق ئەل - قەۋمىنى ئاتىل دەرياسىنىڭ بويىدا تاپتى . ئاندىن خەلقىنى كۆچۈرۈپ ئەمىرتىمۇر تەرەپكە راۋان بولدى . بىرنەچچە مەنزىللەرنى باسقاندىن كېيىن ئېدىگەي مانقىت تىمۇر قۇتلۇققا «بۇ خەلقنى تىمۇربىيغا ئاپارغىنىڭدىن نىمە پەيدا بار . تىمۇربىي بۇ خەلقنى سەمەرقەندكە ئېلىپ بېرىپ ھەرقايسىسىنى بىر يەرگە ئەۋەتىدۇ . سەن ئاۋۋالقىدەك تىمۇربىيغا نەۋكەر بولۇپ يۈرۈۋېرىسەن» دېدى تىمۇر قۇتلۇق

ئوغلان ئېدىگەي مانقىتنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ «سىزلەرنى تېمۇربىي ئۆلتۈرۈپ بالا ـ چاقىلىرىڭىزنى ئەسىر قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن خەلق «بىز سېنىلا تونۇيمىز. تېمۇر بىينى تونۇمايمىز» دېيىشتى. ئاندىن كېيىن تېمۇر قۇتلۇق ئوغلان، ئېلىنى ئېلىپ قايتتى. بىر يەردە ئۆلتۈردى.

# ئالتىنچى باب

## چىنگىزخاننىڭ كىچىك ئوغلى تولىخان ئەۋلادىدىن ئىران مەملىكىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىرىنىڭ زىكرى

كۆيۈكخان بىن ئوگاداي قائان ئۆلگەندىن كېيىن مەنگۇ قائان بىن تولىخان خان بولدى. ئاندىن خەلقىدىن ئويرات ئارغۇن ئاكا دېگەننى خۇراسانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئارغۇن ئاكىنىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئارغۇن ئاكا ئۆلدى. ئاندىن كېيىن مەنگۇ قائان ئۆزىنىڭ ئىنىسى خۇلا گۇخاننى لەشكىرىنىڭ بېشىدىن بىرنى بېرىپ ئىران مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمىتىنى بەردى. ئۇ ئىرانغا كېلىپ جەمائىي مۇلاخادانى ۋە خەلىفە مۇتەسىمنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ مۈلكىنى تەختۇ تەسەررۇفىغا كىرگۈزدى. ئاندىن بېرىپ شام مەملىكىتىنى ئالدى. يەنى توققۇز يىل پادىشاھلىق قىلىپ دۇنيادىن ئۆتتى. ئاندىن كېيىن ئەبەقەخان بىن خۇلاگۇخان ئائىمى (ئەمەكى) قۇبىلاي قائاننىڭ ھۆكمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. ئون يەتتە يىل خانلىق قىلىپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن ئەھمەدخان بىن خۇلاگۇخان پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەرقۇن بىن ئەبەقەخان بىن خۇلاگۇخان ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يېرىدە ئولتۇردى. ئۇمۇ يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلىپ ئۆلدى. ئاندىن كېيىن ئارغۇنخاننىڭ ئىنىسى كۇنجەيتۇ بىن ئەبەقە بىن خۇلاگۇخان خان بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بايدۇ بىن تاراغاي بىن خۇلاگۇخان ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىدا خان بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن غازانخان بىن ئارغۇنخان بىن ئەبەقەخان بىن خۇلاگۇخان ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. تولىخان نەسلىدىن ئىراندا مۇسۇلمان بولغان كىشى شۇ ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈردى. كۇفرلار يوشۇرۇندى. بۇتخانىلارغا ئوت ياقتى. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىراندىكى ھەممە موغۇللار ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولدى. پادىشاھلىقىدىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن تارىخ ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز بىرىنچى يىلى (مىلادى 1301 ـ 1302 ـ يىللار ـ ت) دارۇل فانادىن دارۇل باقىيگە كەتتى. ئۆمرىنىڭ مۇددىتى ئوتتۇز يىل ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلجايتۇ بىن ئارغۇنخان بىن ئەبەقەخان بىن خۇلاگۇخان پادىشاھ بولدى. ئون ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلىپ ۋاپات تاپتى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ سەئىدخان بىن ئۇلجايتۇخان پادىشاھ بولدى. ئەبۇسەئىدخان ئاتىسى ئۆلگەندە ئون ئىككى يېشىدا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىرنەچچە ۋاقىت دۆلەت ئىختىيارىنى ئەمىر چوپان سەلدۇزغا بەردى. پادىشاھلىقىدىن ئون توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەق رەھمىتىگە كەتتى.

## خۇلاگۇخان نەسلىدىن ئىران مەملىكىتىدە ئەبۇسەئىدخاندىن كېيىن، ئەمىرلەر تەرىپىدىن خانلىققا قويۇلغانلارنىڭ زىكرى

مەلۇم بولسۇنكى، بۇ خانلارنىڭ ئېتىلا خان ئىدى. مەملىكەت مەسلىھەتىدە ھېچقانداق ئىختىيارى يوق ئىدى. يەنى سۇلدۇزنىڭ ئەمىرلىرى ئۇلارنى چوپانىلار دەيتتى.

ئەبۇ سەئىدخاندىن كېيىن ئەمىرلەر ئارتۇق بوكە بىن تولىخان نەسلىدىن ئارپاخاننى خان قىلىپ

كۆتۈردى . ئەلى ئويرات باغدادنىڭ ھاكىمى ئىدى . مۇسا بىن ئەلى بىن بايدۇ بىن تاراغاي بىن خۇلاگۇخاننى خان قىلدى . ئارپاخان بىلەن ئۇرۇشۇپ غالىب كەلدى . يەنە ئارپاخاننى ئۆلتۈرۈپ مەملىكەتنى تەختۇ تەسەررۇفىغا كىرگۈزدى . ئۇ چاغدا شەيخ ھەسەن جالايىرنى شەيخ ھەسەن بۇزۇرگ دېيىشەتتى . ئۇ رۇمنىڭ ھاكىمى ئىدى . ئۇ مۇساخاننىڭ خان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مۇھەممەد بىن يولقۇتلۇق بىن تېمۇر بىن ئەنبەرچى بىن مەنگۇ تېمۇر بىن خۇلاگۇخاننى خان قىلىپ رۇمدىن ۋە گۇرجىدىن لەشكەر توپلاپ ئىران تەرەپكە يۈرۈش قىلدى . تەبرىز ئۈستىدە مۇساخان بىلەن ئۇرۇشۇپ غالىب كەلدى . ئەلى ئويرات ئويرات خەلقىنىڭ ئۇلۇغى ئىدى ، ئۆلدى . مۇساخان ئويرات ئېلىنىڭ ئىچىگە قېچىپ باردى . ئۇ چاغدا شەيخ ئەلى بىن ئەمىر ئەلى قوشچى خۇراساننىڭ ھاكىمى ئىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇراساندا ئولتۇرغان بارلىق موغۇللارنى يىغىپ بەستامغا باردى . چىنگىزخاننىڭ ئىنىسى جوچى قەيسەرنىڭ نەسلىدىن تاغا تېمۇر دېگەن مازاندارانغا ھاكىم ئىدى . ئۇنى كەلتۈرۈپ خان قىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈردى . ئازەربەيگانغا (ئەزەربەيجانغا) كەلگەندە ئويرات خەلقى بىلەن مۇساخان كېلىپ تاغا تېمۇرغا قوشۇلدى . شەيخ ھەسەن جالايىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قارشى كەلدى . بۇ ئىككى گۇرۇھ سەھرايى گەرىم (كەرەم) دە ئۇرۇشتى . شەيخ ھەسەن جالايىر يەڭدى . مۇساخان ئۇرۇشتا ئۆلدى . تاغا تېمۇر شەيخ ئەلى بىن ئەمىر ئەلى خۇراسانغا قېچىپ كەتتى . شەيخ ھەسەن بىن تېمۇر تاش بىن ئەمىر چوپان سۇلدۇزنى شەيخ ھەسەن كۇچەك دېيىشەتتى . ئەبۇ سەئىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن رۇمنىڭ بىر تەرىپىدە ھاكىم ئىدى . ئۇمۇ بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ بىھىساپ لەشكەر بىلەن شەيخ ھەسەن جالايىرنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى . بۇ ئىككى گۇرۇھ نەخچىۋەن ئۈستىدە ئۇرۇشتى . شەيخ ھەسەن كۇچەك يەڭدى . مۇھەممەدخان ئۇرۇشتا ئۆلدى . شەيخ ھەسەن جالايىر سۇلتانىيەگە قېچىپ كەتتى . شەيخ ھەسەن كۇچەك ساتىبېك خاتۇن سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ھەركىمنى تەبرىزدە تەختتە ئولتۇرغۇزدى . ئاخىر شەيخ ھەسەن جالايىر ئالدىدا كېلىپ شەيخ ھەسەن كۇچەككە بويسۇنۇپ سۇلھى قىلدى . يەنە بىر يىلدىن كېيىن شەيخ ھەسەن كۇچەك ساتىبېك خاتۇننى ئۆلتۈرۈپ سۇلايمان بىن مۇھەممەد بىن سەنەكە بىن يۇشۇمۇت بىن خۇلاگۇخاننى خان قىلدى . يەنە ساتىبېك خاتۇننى ئۇنىڭ نىكاھىغا كىرگۈزدى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئەمىر شەيخ ھەسەن بۇزۇرگ ئەمىر شەيخ ھەسەن كۇچەك بىلەن دۈشمەنلىشىپ باغدادغا باردى . ئاندىن جاھان تېمۇربىن ئالەفەرەڭ بىن كۇنجەيتۇخان بىن ئەبۇقەخان بىن خۇلاگۇخاننى خان قىلدى . ئاندىن لەشكەر يىغىپ كېلىپ شەيخ ھەسەن كۇچەك سۇلدۇز بىلەن ئۇرۇشتى . شەيخ ھەسەن كۇچەك يەڭدى . شەيخ ھەسەن بۇزرۇك جالايىر باغدادقا قېچىپ كەلدى . ئاندىن خاننى ئۆلتۈردى . ۋە ئۆزى خان بولدى . ئاندىن كېيىن شەيخ ھەسەن كۇچەكنىڭ بىر ئەرەب خوتۇنى بار ئىدى . ئۇ خوتۇنغا ياقۇبشاھ دېگەن ئاشىق ئىدى . ئوخوتۇنمۇ ئۇنىڭغا ئاشىقتى . بىر كۈنى ياقۇبشاھ بىر گۇناھ قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن شەيخ ھەسەن ئۇنى زىندانغا سالدى . بۇ خوتۇن : « مەن بىلەن ئىشى بار ، دەپ زىندانغا سالدى بولغاي» دەپ ئويلاپ بىر كېچىسى ئەمىر شەيخ ھەسەن مەست بولۇپ كېلىپ ياتقاندا شەيخ ھەسەننى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئاندىن كېيىن شەيخ ھەسەن كۇچەكنىڭ ئىنىسى مەلىك ئەشرەف دېگەن ئاكىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى . خۇلاگۇخان نەسلىدىن ئەنۇشىرۋان دېگەننى خان قىلدى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خان بولدى . خۇتبە ۋە يارلىقنى ئۆزنامىدا قىلدۇردى . مەلىك ئەشرەف بەك ئەقىلسىز ئەسكى كىشى ئىدى . مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى . قازى مۇھىددىن بەردائى دەشتى قىپچاقتىكى جانىبېكخان قېشىغا قېچىپ باردى . ئاندىن جانىبېكخاننىڭ ئالدىدا مەلىك ئەشرەفنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى ، ئەسكىلىكلىرىنى شۇنداق بايان قىلدىكى ، جانىبېكخان ۋە ھەممە خالايىق زارى - زار يىغلىشىپ كەتتى . ئاخىرى جانىبېكخان ھېسابسىز لەشكەر بىلەن مەلىك ئەشرەف

ئۈستىگە ئاتلاندى . ئەزەربەيجاندىن كېلىپ خوينىڭ ئۈستىدە مەلىك ئەشرەف سۇلدۇز بىلەن ئۇرۇشتى . ئاخىرى يەڭدى . مەلىك ئەشرەفنى ئۆلتۈرۈپ خەزىنە ، دەپىنىسىگە ئىگە بولدى . بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرىيىدىنىڭ يەتتە يۈز ئەللىك توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1357 ـ 1358 ـ يىللار ـ ت ) بولدى .

# يەتتىنچى باب

## جوچىخان ئەۋلادىدىن دەشتى قىپچاقتا پادىشاھلىق قىلغانلارنىڭ زىكرى

ئاۋۋال جوچىخاننى بايان قىلايلى . جوچىخاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى بورتەقۇچىن دەيدۇ . بورتەقۇچىن ھامىلدار ئىدى . چىنگىزخان يوق چېغىدا مەركىت خەلقىنىڭ خانى چىنگىزخاننىڭ ئۆيىنى چاپتى . يەنە بورتەقۇچىننى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كەتتى . ئوڭخاننىڭ خوتۇنى بورتەقۇچىننىڭ ئىگىچىسى (ئاچىسى ) ئىدى . ئوڭخان بىلەن مەركىت خانىنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق بارئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئوڭخان بورتە قۇچىننى تىلەپ ئېلىپ چىنگىزخانغا ئەۋەتتى . چۈنكى ئوڭخان بىلەن چىنگىزخاننىڭ ئاتىسى يېسۇگاي باھادىر دوست ئىدى .

ئەلقىسسە ، بورتە قۇچىن يولدا جوچىخاننى توغدى . ئۇ يەردە گەھۋارە① يوق بولغاچقا بوۋاقنىڭ تېنى ئاغرىمىسۇن ، دەپ خېمىردىن بىر نەرسە تەييارلاپ ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئېلىپ كەلدى . چىنگىزخان بۇ ئوغۇلنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ بىزگە جوچى ، كەلدى . دېدى . موغۇل تىلىدا يېڭى كەلگەن مېھماننى «جوچى» دەيدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئېتىنى جوچى قويدى . مەلۇم بولسۇنكى ، جوچىخان ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلدى . ئۇنىڭ زىكرى چىنگىزخاننىڭ داستانىدا بايان قىلىنغانىدى . شۇڭا بۇ يەردە قىسقارتتۇق .

## باتۇخان بىن جوچىخاننىڭ زىكرى

چىنگىزخان جوچىخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك پەرىشان بولۇپ ھازا تۇتتى . ئۇ چاغدا مەملىكەت مەسلىھەتى ئۈچۈن ئوغلانلىرى ۋە ئەمىرلىرى ھەممە پەندى ـ نەسىھەت ۋە ۋەسىيەت سۆزلىرىنى ئېيتىشتى . ھازا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوتچىگىنگە : «سەن دەشتى قىپچاققا بارغىن ، يەنى ئۇ يەردىكى جوچىخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى باتۇ ، لەقىمى سەيىنخاننى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇز ، ئىنىلىرى ۋە ئەمىرلىرىنى ئۇنىڭغا بوۋسۇندۇر . ئەگەر ئىنىلىرى ۋە ئەمىرلىرى سۆزىڭنى ئالمىسا ، ئۆزۈڭ شۇ يەردە تۇرۇپ ماڭا ئەھۋالىنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەت ، بىز ئۇنىڭ ئامالىنى قىلايلى» دەپ ئەۋەتتى . ئوتچىگىن باتۇخاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن يەتكەندە باتۇ خەۋەر تېپىپ ئوغلانلىرى ۋە ئىنىلىرىنى ئالدىغا ئەۋەتتى . ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كۈتۈۋېلىشقا چىقىپ ئوتچىگىن بىلەن كۆرۈشۈپ ھازا قىلىشتى . ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوتچىگىن باتۇخاننى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، باتۇنىڭ ئىنىلىرى ۋە ئەمىرلىرىگە چىنگىزخاننىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېيتتى . تامامى خەلق قوبۇل قىلدى . ئاندىن كېيىن چوڭ توي قىلىپ موغۇل رەسمى بويىچە باتۇغا ئاياغ بەردى . باتۇمۇ ئۇلارغا ئاياغ ۋە

① گەھۋارە ——بۆشۈكتەك بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن ـ ت .

كۆپ ئىنئاملار بەردى . شۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىدىن بىر كىشى خان ئۆلدى ، دەپ كەلدى . بىر پەيتتە شۇنداق هازا تۇتۇپ يىغلاشتى .

ئەلقىسسە ، هازادىن بىسىلغاندىن كېيىن باتۇخان مەملىكەتنى كىچىك ئىنىسى توقاي تېمۇرغا تاپشۇرۇپ ، بەش ئىنىسى ئوردۇ ، شەيبان ، بېركە ، چىمبەي ، بەرەقچەلەرنى ئېلىپ ، ئوتجىكىن بىلەن قوشۇلۇپ ، چىڭگىزخاننىڭ تەختىگاھى قاراقورۇم تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . قاراقورۇمغا كېلىپ ھەممە ئەمىر ۋە شاھزادىلەرگە قوشۇلدى . ئاندىن قاتتىق هازا تۇتۇشتى ، هازىدىن بىسىلغاندىن كېيىن باتۇخان ۋە جىمى شاهزادىلەر چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيتى بىلەن ئوگاداي قائاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ، چوڭ توي قىلىپ قائانغا ئاياغ بەردى . قائانمۇ شاهزادىلەر ۋە ئەمىرلىرىگە ئاياغ بەردى . خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ شۇنداق ئىنئام بەردىكى ، هېچبىر دەرۋىش قالماي هەممىسى غەني بولدى . خىتاي مەملىكىتىدىن بىرنەچچە دۆلەتنىڭ پادىشاهلىرى دۈشمەن بولغانىدى . قائان شۇ تەرەپكە ئاتلانماقچى بولدى . ئاندىن باتۇخانغا : «بۇ سەپەردە ماڭا هەمراھ بول» دەپ هۆكۈم قىلدى . باتۇخانمۇ بەش ئىنىسى بىلەن ئاتلاندى . شۇ سەپەردە قائان ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ هەممىسىنى چېپىپ ، بۇلاپ قاراقورۇمغا قايتىپ كەلدى . يەنە ئورۇس ، چېركەس ، بۇلغار ۋە ئۆزگە قەلئەلەرمۇ باتۇخانغا قارىدى . ئۆزىنىڭ ئوغلى كۈيۈكخان ، تولىخاننىڭ ئوغلى مەنگۈ قائان ۋە چىغاتاينىڭ ئوغلى بەيدەرنى بۇ سەپەردە باتۇخانغا خىزمەت قىلىڭلار ۋە مەدەت بېرىڭلار ، دەپ قوشۇپ قويدى . باتۇخان بۇلارنى ئېلىپ ئاتلىنىپ ئۆزىنىڭ تەختىگاھىغا كەلدى . باتۇخاننىڭ ئىنىسى توقاي تېمۇرخان بۇ جامائەتنى مېهمان قىلدى . ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قوندۇردى . ئاندىن كېيىن باتۇخان بۇ جامائەتنى قىرىق كېچە ـ كۈندۈر مېهمان قىلدى . بۇ قىرىق كېچە ـ كۈندۈزدە ئەيشى ـ ئىشرەتتىن بىردەممۇ خالىي بولمىدى . ئاندىن كېيىن لەشكەر توپلاش ئۈچۈن تۇغاچىلارنى (خەۋەرچىلەر ـ ت ) ئەتراپقا ئەۋەتتى . هەددى ـ هېسابسىز لەشكەر توپلاندى . مەلۇم بولسۇنكى ، جوچىخاننىڭ تەختىگاھى دەشتى قىپچاقتىكى كۆك ئوردا دېگەن يەردە ئىدى .

باتۇخاننىڭ ماجار ، باشقىرد ، رۇس ، قۇرىل ۋە نەمەش قاتارلىق يۇرتلارنى ئالغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى تۆۋەندە ئېيتىمىز .

## بېركەخان بىن جوچىخاننىڭ دەشتى قىپچاقتا خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

باتۇخان ئۆلگەندىن كېيىن مەنگۈ قائان باتۇخاننىڭ سەرتەق ئوغلانىنى خان قىلدى . ئۇ خانلىق تەختىدە ئولتۇرماستىنلا ۋاپات بولدى . ئاندىن كېيىن ئىنىسى ئۇلاقچىنى خان قىلدى . ئۇلاقچىمۇ ئاز مۇددەتتە ۋاپات تاپتى . ئاندىن كېيىن مەنگۈ قائان بېركەخان بىن جوچىخاننى خان قىلدى . بېركەخان خان بولغاندىن كېيىن چوڭ توي قىلىپ كۆپ ئىنئاملار بەردى . هەممە ئاكا ۋە ئىنىلىرىگە باتۇخان بەرگەن ئۈلۈشنى بەردى . قائانغا نۇرغۇن سوۋغات ئەۋەتتى . ئاندىن كېيىن خۇدايتائالا بىر كۈنى بېركەخاننىڭ كۆڭلىگە مۇسۇلمانلىقنىڭ مۇهەببىتىنى سېلىپ ئۆز دىنىنىڭ ناهەق ئىكەنلىكىنى بىلدى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى بېركەخان ئاكىسى سالدۇرغان شەهەر سەرەلجىققا باردى . بۇخارادىن كۆپ كارۋان كەلگەنلىكىنى كۆردى . ئۇ كارۋاننىڭ ئىچىدىن ئىككى ياخشى كىشىنى بىر ئوۋلاق يەرگە چاقىرىپ ، مۇسۇلمانلىقتىكى تەرىك ۋە ئەدەپنى سورىدى . بۇ كىشىلەر مۇسۇلمانلىقنى ياخشى بايان قىلىشتى بېركەخان مۇسۇلمان بولدى . ئاندىن كېيىن كىچىك ئىنىسى توقاي تېمۇرنى چاقىرىپ بۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئېيتتى . توقاي تېمۇرمۇ مۇسۇلمان بولدى . ئاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى ئاشكارا قىلىپ ، هەريەردە كافىر بولسا ئۇنىڭ بىلەن يامان بولۇپ ئۇنىڭ قەستىدە بولدى . ئاخىرى كېسەلگە گىرىپتار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز ئاتمىش تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1265 ــ 1266 ــ يىللار ــ ت) ھەق رەھمىتىگە كەتتى . پادىشاھلىق مۇددىتى يىگىرمە بەش يىل ئىدى .

## مەنگۇ تېمۇرخان بىن توقاي بىن باتۇخان ، تودا مەنگۇ بىن توقاي بىن باتۇخان ، توقتاغۇخان بىن مەنگۇ تېمۇرخانلارنىڭ زىكرى

بېركەخان ئۆلگەندىن كېيىن مەنگۇ تېمۇرخان خان بولدى . ئاندىن ئەل ئۇلۇسىنى باشقۇرۇشقا مەشغۇل بولدى . ئاكا ــ ئىنىلىرىگە ، باتۇخان دەستۇرىغا ئەمەل قىلدى . يەنە ئاق ئوردا دېگەن مەملىكەتنى باھادىرخان بىن شەيبانخانغا بەردى . كەفە ، قىرىم ۋىلايىتىنى ئوران تېمۇر بىن توقاي تېمۇرغا بەردىدە ئۆزى بۇلغار مەملىكىتىگە ئاتلاندى . ئىككى يىلدىن كېيىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى . ئاندىن كېيىن سانسىز چېرىك بىلەن ئەبەقەخان ئۈستىگە ئاتلىنىپ ئىران مەملىكىتىگە باردى . يەنى ئەبەقەخان بىلەن سۈلھى قىلىپ قايتىپ كەلدى . ھەمىشە بىر ــ بىرىگە سوۋغا سالاملار بىلەن بېرىش ــ كېلىش قىلاتتى . تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز سەكسىنىنچى يىلى (مىلادى 1281 ــ 1282ــ يىللار ــ ت) ئەبەقەخان دۇنيادىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەدخان بىن خۇلاگۇخان پادىشاھ بولدى . ئەھمەدخان مۇسۇلمان ئىدى . بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئارغۇنخان بىن ئەبەقەخاننىڭ قولىدا شېھىت بولدى . ئاندىن كېيىن ئارغۇنخان بىن ئەبەقەخان پادىشاھ بولدى . دەشتى قىپچاقتا مەنگۇ تېمۇرخان ئارغۇنخاننىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ توقاي ، تەرگۇتا (تەركۇتاي ) دېگەن ئىككى بېگىنى باش قىلىپ سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن ئارغۇنخاننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى . ئارغۇنخانمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەمىر توغەچەر دېگەننى ھېسابسىز لەشكەر بىلەن ئالدىغا ئەۋەتتى . يەنە ئۆزى ئارقىسىدىن ئاتلاندى . بۇ ئىككى لەشكەر قاراباغ ئۈستىدە ئۇرۇشتى . مەنگۇ تېمۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى . بۇ خەۋەرنى مەنگۇ تېمۇرخان ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچى غۇسسە باغلاپ ئۆلدى . ئاندىن كېيىن تودا مەنگۇ بىن باتۇخان پادىشاھ بولدى . تودا مەنگۇخان بەك زالىم كىشى ئىدى . توقايغۇخان بىن مەنگۇ تېمۇرخان ئۇنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كەتتى . يەنە بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ كېلىپ تودا مەنگۇ بىلەن ئۇرۇشۇپ تودا مەنگۇنىڭ لەشكىرىنى يېڭىپ ، تودا مەنگۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى پادىشاھ بولدى . كۆپ يۇرتلارنى ئېلىپ ئاتا ۋە ئاكىسىنىڭ دەستۇرىغا ئەمەل قىلىپ ئاخىرى دارۇل فانادىن دارۇل باقىيغە رىھلەت قىلدى . پادىشاھلىق مۇددىتى ئالتە يىل ئىدى . شەھىرى سارايجىقدا يەرلەندى .

## ئۆزبېكخان بىن توغرالخان بىن مەنگۇ تېمۇرخان بىن بۇقاخان بىن باتۇخان بىن جوچىخان بىن چىنگىزخاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

توقتاغۇخان ئۆلگەندىن كېيىن ئون ئۈچ يېشىدا ئۆزبېكخان خان بولدى . يەنى ئەلنى ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ دەستۇردى بىلەن باشقۇردى . ھەركىمنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئىنئاملار بەردى . ئەل ــ ئۇلۇسنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى . بارچە خەلق ئۇ ساھىبى دۆلەتنىڭ سەۋەبىدىن ئىسلام شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدى . ئاندىن كېيىن بارچە جوچى ئېلى ئۆزبېك ئېلى ، دەپ ئاتالدى ۋە قىيامەتكىچە شۇنداق ئاتىلىدىغان بولدى . ئىككى قېتىم ئىران يۇرتىغا ئەبۇسەئىدخان ئۈستىگە باردى . ئىراننى ئالالماي قايتىپ كەلدى . ئاخىرى دۇنيادىن ئۆتتى .

## جانىبېكخان بىن ئۆزبېكخاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

ئۆزبېكخان ئۆلگەندىن كېيىن جانىبېكخاننى خان قىلدى . جامبېكخان ئاجايىپ مۇسۇلمان پادىشاھ ئىدى . ئۆلىما كىشى ئىدى . زوھىھاد ، ئوببادىنى ھۆرمەت قىلاتتى . شەھىرى سارايجىقتا تەختتە ئولتۇر-

دى . شەرئەتنى چىڭ تۇتاتتى . مەلىك ئەشرەف بىن تېمۇرتاش دېگەن ئەزەربەيجاندا پادىشاھ ئىدى . مەلىك ئەشرەف پاسىق ، زالىم كىشى ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئەزەربەيجاننىڭ خەلقى تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى . قازى مۇھىددىن دېگەن كىشى شەھىرى سارايجىققا باردىدە ، ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى . ئۇ كۈندە ۋەز ئېيتاتتى . بىر كۈنى قازىنىڭ ۋەزنى ئاڭلاش ئۈچۈن خان ۋائىز مەجلىسىگە باردى . قازى ۋەز ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مەلىك ئەشرەفنىڭ زۇلۇم سالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ پاسىقلىقىنى شۇنداق ھېكايە قىلدىكى ، خان باشلىق بارچە خەلق زار ـ زار يىغلاپ كەتتى . ئاندىن قازى خانغا : «ئەگەر مەلىك ئەشرەفدىن بىزنىڭ دادىمىزنى ئېلىپ بەرمىسەڭ ، قىيامەتكىچە بىزنىڭ قولىمىز سېنىڭ ئېتىكىڭدە» دېدى . خانغا بۇ سۆز تەسىر قىلىپ چېرىك چاقىرىپ مەلىك ئەشرەفنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى . مەلىك ئەشرەف بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يەڭدى . يەنە مەلىك ئەشرەفنى ئۆلتۈردى . مەلىك ئەشرەفنىڭ تۆت يۈز تۆگە لەئىل ۋە جاۋاھىرى بار ئىدى . جانىبېكخان شۇ لەئىل ، جاۋاھىرلارنى ھەممە لەشكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى . ئاندىن نۇسرەت بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتتى . ئۇ ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۇزۇنغا سوزۇلدى . خان ئەمدى مەن بۇ كېسەلدىن ساقىيالمىغۇدەكمەن ، دەپ ئويلىدى . ئەزەربەيجانغا ھاكىم قىلغان ئوغلى بېردىبېكخان كەلمەستىن بۇرۇنلا جانىبېكخان خاراب بولدى . خەلقنى يىغىپ بېردىبېكخاننى غايىۋانە ۋەلىئەھدى قىلدى ۋە كۆپ پەندى ـ نەسىھەتلەر قىلدى . تارىخ ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئەللىك سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1356 ـ 1357 ـ يىللار ـ ت) ھەق رەھمىتىگە كەتتى . ئون يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدى . سارايجىقدا يەرلەندى .

## بېردىبېكخان بىن جانىبېكخاننىڭ خان بولغانلىقىنىڭ زىكرى

جانىبېكخان ئۆلگەندىن كېيىن تەبرىزدىن بېردىبېكخان سارايجىققا كەلدى . ئۈچ كۈن ھازا تۇتتى . ھازىدىن كېيىن تامامى شاھزادىلەر ۋە ئەمىرلەر بېردىبېكخاننى خان قىلدى . بېرىبېكخان زالىم ، پاسىق ، ئىچى قارا ۋە بەدنىيەت كىشى ئىدى . يۇرت ئۆزۈمگە باقىي قالغان ، دەپ ئىنىسىنىمۇ ، قېرىنداش ئۇرۇغىنىمۇ ھېچ كىشىنى قويماي ئۆلتۈردى . دۇنيانىڭ فانىيلىقىنى بىلمىدى . ئاخىر پادىشاھلىقى ئىككى يىلغا يەتمەي تارىخ ھىجرىيىنىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1360 ـ 1361 ـ يىللار ـ ت ) ۋاپات تاپتى . سەيىنخان ئەۋلادى بېردىبېكدە ئاياغلاشتى . ھالا ئۆزبېك ئىچىدە «نار بويىنى بېردىبېكدە كېسىلدى» دېگەن مەسەل بار . ئاندىن كېيىن جوچىخاننىڭ ئۆزگە ئوغلانلىرىنىڭ ئەۋلادى پادىشاھلىق قىلدى .

(داۋامى بار)

تەييارلىغۇچى : **مۇختار مۇھەممەت** مۇھەررىرى : **ياسىن زىللا**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى چۈجەك

## ئەقىللىق بالا

بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا ، كۆرۈنگەن تاغنىڭ بېرىسىدا ، كۆرۈنمىگەن تاغنىڭ نېرىسىدا ، زامان زورنىڭ ، تاماشا كۆرنىڭ ئىكەن . شۇنداق زاماندا ، سىز بىلىدىغان تاماندا خۇشزات دېگەن بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . شۇ خۇشزات زالىمنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەم ئوغلىنى مەكتەپتە ئوقۇتقانىكەن .

بىر كۈنى بۇ بالا مەكتەپكە كېتىپ بارسا ، ئۇنىڭغا خۇشزات پادىشاھ يولۇقۇپ قېلىپ :

— قايسى دەرسكە كەلدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

بالا «قۇرئان» نىڭ «سەت يۈزلۈك» دېگەن يېرىگە كەلگەنىكەن ، پادىشاھنىڭ سوئالىغا «سەت يۈزلۈك» دېيىشتىن قورقۇپ :

— «ئاي يۈزلۈك» دېگەن يېرىگە كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

خۇشزات بالىنىڭ كىتابىنى ئېلىپ ، كۆرۈپ :

— نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئەتىگەندە «سەت يۈزلۈك» دېمەك تەس كەلدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاي يۈزلۈك» دېدىم ، — دەپتۇ . خۇشزات بالىنىڭ ئېيتقان سۆزىگە خورسەن بولۇپ ، بىردانە تىللا بارگەنىكەن ، بالا :

— پادىشاھ خورسەن بولسا بىرنى ئەمەس ، ئوننى بېرىپتۇ ، — دەپ تىللانى ئالماپتۇ ، پادىشاھ بالىغا ئون تىللانى بېرىپ كېتىپتۇ .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ خۇشزات ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ ، بازارغا چىقىپ ھېلىقى بالىنىڭ دادىسىغا يولۇقۇپ قاپتۇ ، بۇ ئادەم ماي سېتىپ ئولتۇرغانىكەن . خۇشزات :

— مېيىڭ قانچە تەڭگە ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئالتە تەڭگە ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

— ھوي ، بازارداماي تۆت تەڭگە سېتىلىۋاتسا ، سەن نېمىشقا ئالتە تەڭگىگە ساتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ خۇشزات .

— ئالساڭ ئال ، ئالمىساڭ ، بار نېرى ! — دەپتۇ ئۇ ئادەم .

پادىشاھ خۇشزات ئوردىسىغا قايتىپ ، مايچىنى ھەيدەپ كەلگۈزۈپ ، ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ .

بالا مەكتەپتىن كەلسە ، ئۆيىنىڭ ئىچى يىغازار بولۇپ كەتكەن . بالا :

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىسا ، تۇرغانلار :

— داداڭنى پادىشاھ چاقىرتىپ كېتىپ ، ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ ، — دەپتۇ . بالا :

— يىغلىماڭلار ، دادامنى ھازىر بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن ، — دەپ ئوردىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ، دادىسىنىڭ ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئوقۇۋاتقان .

پادىشاھ بالىنى كۆرۈپ : «بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەندىن ئون تىللا ئالغان بالىغۇ ، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەندۇ ، ياكى بۇ ئادەم ئۇنىڭ دادىسىمۇ ؟» دەپ ئويلاپ :

— ھەي بالا ، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بۇ كىشى مېنىڭ دادام ، شەپقەتلىك پادىشائالەم مېنى يېتىم قىلماي ، دادامنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپ ، دادامنى ماڭا بېرىۋەتسىڭىز ، — دەپتۇ بالا .

— سېنىڭ داداڭغا ئۆلۈم بېرىمىز ، — دېسە ، بالا يەنە :

— دادامنىڭ دادىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈرسەڭلا بولىدۇ ، دادامنى بېرىۋېتىڭلار ! — دەپتۇ .

— نېمە ئۈچۈن ؟ — دەپتۇ پادىشاھ .

— دادام مېنى مەكتەپتە ئوقۇتقاچقا مەن سىزدىن ئون تىللا ئالدىم . دادامنى دادىسى ئوقۇتقان بولسا ، ئۇمۇ ئون تىللا ئالار ئىدى . بىراق ، دادىسى ئوقۇتمىغانلىقى ئۈچۈن بېشىغا ئۆلۈم تېپىۋالدى ، — دېگەنىكەن پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ بالىغا دادىسىنى بېرىۋېتىكەنىكەن .

## بىلەرمەنلەر

بۇرۇن بۇرۇنىكەن ، توخۇ تۆرىنىكەن ، ھۆپۈپ كامادىكەن ، ھورۇنلار تەمەدىكەن . شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر - بىرىدىن «بىلەرمەن» بىر جۈپ خوتۇن بولغانىكەن . خوتۇن ئېرىغا بىر مەسلىھەت سالسا ، ئېرى گەپنىڭ تېگى- تەكتىگە يەتمەيلا «بىلىمەن» دەپ تۇرىدىكەن . خوتۇنمۇ

ئېرىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا «بىلىمەن» دەپ
تۇرىدىكەن . ئۇلار بىلەرمەنلىكنى ئۆيىدىلا ئە-
مەس ، ئەل - يۇرت ئىچىدىمۇ قىلىشقا باشلاپتۇ .
كىشىلەر بىرنەرسە دېسىلا ، ئۇلار «بىلىمەن»
دەپ تۇرىدىكەن . باشقىلار ئۇلاردىن زېرىكىپ ،
قانداقمۇ قۇتۇلارمىز ، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا ، ھې-
لىقى بىلەرمەن كېلىپ قېلىپ :
— بىلىمەن ، سىلەر قۇرۇق گەپ قىلىپ ،
ئولتۇرسىلەر ، — دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋې-
تىپ كېتىپ قاپتۇ .
بىر كۈنى بىلەرمەن بازارغا بېرىپتۇ . ئۇ
ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ مال كۆرۈپتۇ . بىر بوۋاي
ئۆزلايىقىدا خېرىدار چىقسا ، ساتارمەن ، دەپ بىر
چاپاننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ . بۇ چاپان بوۋايغا تۆ-
تىنچى بوۋىسىدىن قالغانىكەن . بۇ چاپاننىڭ خىس-
لىتى «ئۇچ چاپىنىم» دېسە ، ئۇچىدىكەن ،
«چۈش ، چاپىنىم» دېسە ، چۈشىدىكەن . بىلەر-
مەن ئۇ بوۋاينى چاقىرىپ سوراپتۇ :
— بۇ چاپاننى ساتامسەن ؟
— ساتىمەن ، تەقسىر !
— ساتىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ، باھاسى
قانچە ؟ — دەپتۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ، كۆڭلى-
گە ياققاندىن كېيىن .
— بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق ، تەق-
سىر ، ئون تەڭگە بەرسىلە !
— پاھ - پاھ ! سېنىڭ شۇنداق باھا قويى-
دىغانلىقىڭنى بىلىمەن . بازار دېگەندە ئوشۇق
گەپ بولۇپ تۇرىدۇ . تۆت تەڭگە بېرەي .
بوۋاي توققۇز تەڭگىگە چۈشۈپتۇ ، بىلەرمەن
بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ ، ئەتراپتىكىلەر يەتتە تەڭ-
گىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ .
— سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويىدى-
غانلىقىڭلارنى بىلىمەن ، ئۇنداق بولسا قىممەت
بولۇپ كېتىدۇ . بەش يېرىم تەڭگە بولامدۇ ؟
بىلەرمەن تۇمۇردەك قاتتىقلىق قىلىپ ، ئالتە تەڭگى-
گە ئېلىپتۇ . پۇلنى ساناپ بېرىۋېتىپ ، بوۋايغا :
— سېنىڭ ئالتە تەڭگىنى كۆزلەپ تۇرغى-
نىڭنىمۇ بىلىمەن ، — دەپتۇ . بوۋاي :
— تەقسىر ، بۇ چاپىنىمنىڭ بىر خىسلىتى
بار — دېيىشىگە بىلەرمەن گەپنى كېسىپ :
— بىلىمەن ، چاپان دېگەننىڭ نېمە خىس-
لىتى بولىدۇ ، — دەپتۇ . بوۋاي يەنە :
— ياق ، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا ، بۇ چا-
پىنىمنى كىيىپ ، «ئۇچ چاپىنىم» دېسە ئۇچىدۇ .
چۈشىدىغان چاغدا . . . — بوۋاي سۆزىنى تۈگەت-
كىچە بىلەرمەن يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ :
— بىلىمەن ، ھە ، بىلىمەن ! ئالتە تەڭگى-
لىك پاچان ، ئەلۋەتتە ، ئۇچىدۇ - دە ، — دەپ ،
گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمايلا چاپاننى قولتۇقلاپ
ئۆيىگە كېتىپتۇ .
ئۆيگە كېلىپ :
— ھاي خوتۇن ، ھاي بالىلارنىڭ ئانىسى ،
مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم . . .
— ھە ، نېمە دەيدىلا ! بازارغا بارغاندىن
كېيىن چاپان ئېلىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلگەن
مەن ، — دەپتۇ خوتۇنى .
— توختا ، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ ، ئاسمانغا
چىقىپ ، پۈتۈن دۇنيانى كۆرۈپ كېلىمىز تېخى .
— ۋىيەي ، تازىمۇ ئوبدان چاپانىكەنغۇ !
مەن بۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا
بىلىمەن . قېنى ، كىيىپ باقسىلا !
بىلەرمەن چاپاننى كىيىپ ، «ئۇچ چاپىنىم !» دەپتى-
كەن ، چاپان تەۋرىنىپ ، ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باش-
لاپتۇ . خوتۇن تۆۋەندە تۇرۇپ :
— ھوي دادىسى ، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ
قالمىسىلا ، — دەپتۇ .
— ھەي ، ئەخمەق ، سەن دېمىسەڭمۇ بى-
لىمەن ! — دەپ ئۆرلەپ كېتىۋېرىپتۇ . دەرەخ
بويى ئۆرلىگەندە بىلەرمەننىڭ بېشى قېيىپ ، چۈ-
شۈپ كەتمەكچى بولۇپتۇ . «چۈش ، چاپىنىم !»
دېسە ، چۈشمەپتۇ . ئۇنداق قىلىپ ، بۇنداق قىلىپ
زادى چۈشۈرەلمەپتۇ . ئاخىرى بولالمىغاندىن كې-
يىن ، تۆۋەنگە قاراپ :
— ۋاي ، خوتۇن ، مېنى تۇتۇۋال ، مېنى
تۇتۇۋال ، — دەپ يىغلاپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ .
خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ ، ئۆزى ئۆزىگە : «بىلى-
مەن ، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەيسەن»
دەپ ئېرىگە قاراپ ، دۆڭمۇدۆڭ ، تاغمۇتاغ ، باغمۇ
باغ يۈگۈرۈپتۇ . ئېرى بارغانسېرى ئۆرلەپ كې-
تىپتۇ ، خوتۇنى ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ تاغقا چىقى-
ۋاتقاندا ، پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ ، دومىلاپ تاش-
تىن - تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ . ئېرى بۇلۇتلار-
نىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ يوقاپتۇ ، خوتۇنى-
نىمۇ كۆرەلمەپتۇ .
«ئۇچۇشنى بىلىپ ، چۈشۈشنى بىلمەپتۇ»
دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانمىش .

ئېيتىپ بەرگۈچى : **ئايەتخان ئوسمان**
(قۇمۇل شەھىرى ئايلىق مازار مەھەللىسىدىن )
توپلىغۇچى : **ئايجامال ئىمىن**
مۇھەررىرى : **يۇسۇپ ئىسھاق**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھېكمەتلەر

△ ئاقىل كىشى ياخشى ئىشنى تېز پۈتكۈزەر ، يامان ئىشنى پۈتكۈزمەس .

△ بىر نەرسىنى زورلۇق بىلەن ئۆز تەرىپىگە تارتىپ ، ئىززەت ـ ئابرۇي ئىزدىسە ، ئۇ مەشھۇر بولماس ، بەلكى لەنەتلىك بولۇر .

△ تەمەخور ، ئىشرەتباز كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولماس .

△ ئۆزىنىڭ يامانلىقى نېمە بولسا ، شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش — ئاقىل كىشىنىڭ ئىشىدۇر .

△ ئاقىل ، دانا كىشىلەر مۇلايىم بولۇر .

△ لەززەتلىك نەرسىنى كۆپ يېگەنلەر تولا كېسەل بولۇر .

△ ئالىم ، دانالارنى كۆرگەندە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلىڭلار ؛ نادان ، جاھىل ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۆز ئىچىڭلارغا دىققەت بىلەن قاراڭلار .

△ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا رەھىم قىلماي ، ئۆزگىلەرگە رەھىم قىلىش ياخشىلىقتىن يۈز ئۆرىگەنلىكتۇر .

△ ئاتا ـ ئاناڭغا ۋاپادارلىق قىلساڭ ، ئوغلۇڭ ساڭىمۇ ۋاپادارلىق قىلىدۇ . ئۆزۈڭ ۋاپادارلىقتىن ئۈلگە كۆرسەتمىسەڭ ، ئوغلۇڭ نېمىدىن تەلىم ئالىدۇ !

△ زىناخور پاك بولماس ،
شارابخور ساق (بولماس) .

△ تەكەببۇر ، هارامزادىلەر پالاكەتكە يولۇقۇر .

△ قانخور هالاك بولۇر ،
ئەل ـ يۇرت ئاڭا چاۋاك چالۇر .

△ ئۇستاتلىق قىلىدىغانلار شۇ ئۇستاتلىقى بىلەن خاراب بولۇر .

△ ۋاپادارلىق يۈز خىل ئىشنىڭ ئىپتىداسى ، مىڭ خىل دۆلەتنىڭ يىلتىزىدۇر .

△ ئىش تولا بولسا ، كۆڭۈلنىڭ كايىشىمۇ كۆپ بولۇر .

△ دېگىلى بولغان بىلەن ئەمەلدە قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنى ئاقىللار هەرگىز دېمەس هەم قىلغىلى بولغان بىلەن دېگىلى بولمايدىغان سۆزنىمۇ هەرگىز ئېغىزىدىن چىقارماس .

△ يېقىملىق ، چىرايلىق سۆزلەشنىڭ ، سۆيگۈ ھىممىتى ئىسسىق لىباسنىڭ بەرگەن ئىسسىقىدىن زىيادەرەك بولۇر .

△ كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەن سۆز نەيزە ،قىلىچ ۋە تىكەندىن يامانراقتۇر .

△ بۇرۇنقى ئىشلارنى بىلەي دېسەڭ ، كۆرۈپ تۇرغان ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلا ؛ كېلىدىغان زاماننىڭ ۋەقەلىرىنى بىلەي دېسەڭ ، شۇ زاماندا قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ داۋامى ئويلا .

△ كىشىنىڭ شۇغۇللانغان ئىش ـ ئەمەلى پەس بولسا ، ئۇنىڭغا نامراتلىق ياقىۋەندە بولۇر .

△ ئىززەت ـ ئىشلەشتىن پۈتەر ،
هۆرمەت ـ هورۇنلۇقتىن يۈتەر .

△ كىشى ئاڭلىمىسۇن دېسەڭ ، دېمىگىن ،
كىشى بىلمىسۇن دېسەڭ ، قىلمىغىن !

△ ئالىملار ئۆزگىلەرنىڭ مەشھۇرلۇقىنى سۆزلەر ، ئۆزىنىڭ مەشھۇرلۇقىنى سۆزلىمەس ، كىشىنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرەر ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كەچۈرمەس .

△ تەڭرى ئىنسانلارنى ياراتقاندا ، ھەممىسىنى باراۋەر قىلىپ ، خۇي ـ پەيلىنى ئوخشاش ياراتقان . بىراق ، تەربىيە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئوخشىماسلىقلار كېلىپ چىققان .

△ قايسى زاماندا ئاقىل ، دانا ، ياخشى كىشىلەر كۆپەيسە ، نادانلارمۇ ئاقىللىق يولىغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ . نادان ، جاھىل كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشى تەربىيىدىن جۇدا بولغانلىقىدىندۇر .

«زۆرۈرىيەت ھېكمەتلىرى» ناملىق كىتابتىن تەييارلىغۇچى :

**ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

مۇھەررىرى : **يۈسۈپ ئىسھاق**

△ دۈشمەن ھەرقانچە زور بولسمۇ ، غەپلەتتە قالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قول سالسا بولىدۇ .

△ ھەركىشى ئەسلىدە نەسەبسىز بولسا ئۇ. مىد مەيدانىدىن نېسۋىسىزدور . چۈنكى ياخشىلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي ، دۇنيادىن ئۆتۈش ناپاك ئادەملەر ئۈچۈن ھارامدۇر .

ھەرچاغ دېگىلى بولۇر دېمىگەننى ،
ياندۇرغىلى بولماس لېكىن دېگەننى .

△ ئېغىزىدىن چىققان سۆز ئورنىدىن چاچرىغان كۆزدۇر .

△ دۇنيانىڭ مېلى ھەرىكەتسىز بولمايدۇ . نەپسىنىڭ خائىشى مېھنەتسىز بولمايدۇ . خوتۇنلار بىلەن بىللە بولماق بالاسىز بولمايدۇ ، يامانلارغا قوشۇلماق نادامەتسىز بولمايدۇ ، بېخىلدىن تەمە قىلماق خارلىقسىز بولمايدۇ . ھەركىشى دۇنيا مەيخانىسىدىن بىر يۇتۇم مەينى قولغا كەلتۈرگەن بولسا ، ئۇ ئەلۋەتتە مەست ۋە ناپاك بولىدۇ .

△ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىماندىندۇر .

△ يۇگۇرۇك ۋە چىرايلىق يورغىلايدىغان ئاتنى باغلاپ باقىدۇ . بۇلبۇل چىرايلىق سايرىغانلىقى ئۈچۈن قەپەزگە سولايدۇ ، مېۋىلىك دەرەخ مېۋە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپ دەسسەپ شاخلىرىنى سۇندۇرىدۇ ۋە توز ئۆز ھۆسن ـ جامال بىلەن جىلۋە ئەيلىگەنلىكى ئۈچۈن قانات قۇيرۇقىنى قىرقىيدۇ .

△ قەدىر بىلمەس كىشى بىلەن سۆھبەت تۈزمەك ۋە خىزمەت قىممىتىنى بىلمەس كىشى قېشىدا خىزمەت قىلماق خۇددى ھوسۇل ئېلىشنى تەمە قىلىپ شۇيەرگە ئۇرۇق چاچقانغا ياكى ئاندىن تۇغما گاسنىڭ قۇلىقىغا سۆزلىگەنگە ياكى قارىغۇدىن كىشىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى تەرىپلەشكە سۆز تەلەپ قىلغانغا ۋە ياكى سۇنىڭ يۈزىگە خەت يازغانغا ياكى ھامام ئىشكىگە ئېسىپ قويۇلغان سۈرەتنى تۇغدۇراي دەپ جۈپلەشمەكچى بولغانغا ۋە ياكى ئىتتىك كۆتۈرۈلگەن قۇيۇندىن يامغۇر تامچىلىرىنى كۈزلىگەنگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر .

△ يىگىنىنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش ، نەيزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . ئوت گەرچە كىچىك بولسىمۇ پۈتۈن ئالەمنى كۆيدۈرۈشى مۇمكىن .

△ ياخشى ئويلانغان پىكىر پەھلىۋانلىقتىن ياخشى .

△ بۇ جاھاندىكى ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خۇي ـ پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ . بىرىنچىسى ، دەيدۇ ، قىلىدۇ ، بۇ تىرىكچىلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر . ئىككىنچىسى ، دېمەيدۇ قىلىدۇ ، بۇ مەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر . ئۈچىنچىسى ، دەيدۇ قىلمايدۇ ، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر . تۆتىنچىسى ، دېمەيدۇ قىلمايدۇ ، بۇ بېخىل ۋە ھىممىتى پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر .

△ ئالتە نەرسىدىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ . ئۇلار ، ئەمەلسىز سۆزدىن ، جەۋرىلىك مالدىن ، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن ، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن ، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقسىز تىرىكلىكتىن .

△ ئەخمەقنىڭ ئادىتى بەش تۈرلۈك بولىدۇ ، يەنى ئۆز پايدىسىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالسا ، رىيازەت چەكمەي تۇرۇپ ئاخىرەت ساۋابىنى تاما قىلسا ، بەتخۇيلۇق بىلەن خوتۇنلارغا ئاشىق بولسا ، راھەت بىلەن ئىلىم بىلمەكنى ئىزلىسە ، بىۋاپالىق ۋە رىئايە قىلماسلىق بىلەن بىر كىمدىن دوستلۇق ئۈمىد قىلسا ، بۇ ئىشلار ئەخمەقلىقتىندۇر .

△ بىھۇدە رەنج تارتىپ ، سۆزۈڭنى ئاڭلىمىغان جامائەگە سۆزلىمىگىن .

△ جاھىل ۋە پاسىقلارنىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك . پاسىقلار بىلەن ئۈلپەت بولماق يىلانغا تەربىيە قىلغانغا ئوخشايدۇ . چۈنكى يىلاننى ساقلاشتا شۇنچە رەنج تارتساڭمۇ ئۇنىڭ زەھىرى ۋە زەرىرى تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ . ئەمما ياخشىلارنىڭ ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبىتى ۋە مۇلازىمىتى خۇددى ئەتتارلارنىڭ ساندۇقىغا ئوخشايدۇ . گەرچە ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە بولمىسىمۇ كىشىنىڭ دىمىغىغا ئۇنىڭ پۇرىقى پۇراپ دىماغىنى خۇشبۇي قىلىدۇ .

تەييارلىغۇچى : **نۇرنىسا باقى**

مۇھەررىرى : **يۇسۇپ ئىسھاق**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تابۇ (پەرھىزلەر)

### بىرىنچى ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تېرىقچىلىق قىلماسلىق 正月前半忌耕

دېھقانلار كالېندارى بويىچە، 1 ـ ئاينىڭ بىرىدىن ئون بەشىگىچە «ھېيت» بولغاچقا، بۇ كۈنلەردە تېرىقچىلىق قىلىنسا، تەڭرىنىڭ غەزىپى تۇتىدۇ، شۇ يىلدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشسىز بولىدۇ، دەپ قارىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئادەت شەكىللەنگەن. خەنزۇ ۋە باشقا بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھازىرمۇ ساقلانغان.

### كالا گۆشى يېمەسلىك 忌食牛肉

يېمەك ـ ئىچمەك تابۇلىرىنىڭ بىرى. جۇاڭزۇ مىللىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تېرىمچى مىللەت بولغاچقا، كالىنى ئەڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق قورالى قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ، قەدىرلەپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ ئادەت يېزىلاردا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

### ئاسمان گۈلدۈرلىگەندە توپلاشماسلىق 雷打鸳鸯散

توي تابۇلىرىنىڭ بىرى. ئاسماننىڭ گۈلدۈرلىشى تەڭرىنىڭ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى دەپ قارالغاچقا، بۇيى مىللىتىدە نىكاھ كۈنى ئاسمان گۈلدۈرلىسە، توي ئىشى خەيرلىك بولمايدۇ دەپ قارىلىپ، نىكاھنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىكار قىلىۋېتىش ئادىتى شەكىللەنگەن، بۇ ئادەتنىڭ قالدۇقى ھازىرمۇ مەۋجۇت.

### ئۆيدىكى سۇپىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئولتۇرماسلىق 忌坐西炕

قائىدە ـ يوسۇن تابۇلىرىنىڭ بىرى. مانجۇلار ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتالغان قۇربانلىق ـ ياغىش ئىشلىرىنى ئۆيلىرىدىكى سۇپىنىڭ غەربىي تەرىپىدە قىلىدىغان بولغاچقا، شۇ تەرەپنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇيەردە خالىغانچە ئولتۇرماسلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، بۇ ئادەت مانجۇلار ئارىسىدا ھازىرغىچە قىسمەن ساقلانغان

### مېيتنى ئۆيدىكى سۇپىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تەرەپلەرگە قويماسلىق 忌北炕西炕停尸

ئۆلۈم ئىشلىرىدىكى پەرھىزلەرنىڭ بىرى. مانجۇلار شىمال تەرەپ ئۇلۇغ، غەرب تەرەپ مۇقەددەس دەپ بىلگەچكە، ئائىلىسىدە ئۆلۈم بولسا، مېيىتنى ئۆيدىكى سۇپىنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىگە قويماسلىق ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلاردا ھەتتا ئائىلىسىدىكى ئاغرىق غەرب ۋە شىمال تەرەپتە ياتقان بولسا، ئۇنى جەنۇب تەرەپكە يۆتكىۋېتىش ئادىتىمۇ بار.

### ئۇكەكنى[①] ئىشىكتىن ئېلىپ چىقماسلىق 忌棺从门出

ئۆلۈم ئىشلىرىدىكى پەرھىزلەرنىڭ بىرى. مانجۇلادا ئىشىك ھايات كىشىلەرنىڭ كىرىپ، چىقىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر ئۆلگەنلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلسە، ئائىلىنى پالاكەت باسىدۇ دېيىدىغان قاراش بولغاچقا، ئۆلۈم ئۇزاتقاندا، جەسەت سېلىنغان ئۇكەكنى ئىشىكتىن ئېلىپ چىقماي، دېرىزىدىن ئېلىپ چىقىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

### جۈپ كۈنلەردە ئۆلۈم ئۇزاتماسلىق 忌双日出殡

ئۆلۈم ئىشلىرىدىكى پەرھىزلەرنىڭ بىرسى، جۈپ كۈنلەردە ئۆلۈم ئۇزاتسا، ئۆلۈم قوش بولۇپ قالىدۇ دەپ قارالغاچقا، بۇ ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ ئادەت مانجۇ، چاۋشيەنزۇ ۋە خەنزۇلار ئارىسىدا قىسمەن ساقلانغان.

### ئاي ـ كۈن تۇتۇلغاندا توي قىلماسلىق 逢蚀不婚

توي ـ تۆكۈن پەرھىزلىرىنىڭ بىرى. خانى مىللىتى ئاي تۇتۇلغاندا، كۈن كۆيگەندە توي قىلسا، بالا ئالتە بارماقلىق تۇغۇلىدۇ ياكى ئاغزى پۈچۈق بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىغاچقا، بۇ ئادەت شەكىللەنگەن.

---

① ئۇكەك: قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز، ئۆلگەن ئادەمنى دەپنە قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ساندۇق. جەسەت ساندۇقى.

### ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشمەسلىك 忌门前下马

ئاتلىق يۈرىدىغان چارۋىچى مىللەتلەردە باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئات چاپتۇرغان پېتى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ چۈشسە، ئۆلۈم خەۋىرى ئېلىپ كەلگەنلىك بولىدۇ دەيدىغان قاراش بولغاچقا، ئات مىنگەن كىشى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغاندا ئاتتى ئاستىلىتىپ، ئۆينىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاندىن ئاتتىن چۈشۈش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئادەت مانجۇ، موڭغۇل، قىرغىز، قازاق قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەردە ھېلىمۇ قىسمەن ساقلانغان.

### باشنى ئىشىككە قارىتىپ ياتماسلىق 忌头朝门口睡觉

لىزۇ مىللىتىدە جەسەتنىڭ بېشىنى ئىشىككە قارىتىپ ياتقۇزۇش ئادىتى بولغاچقا، ھاياتلار بېشىنى ئىشىككە قارىتىپ ياتسا، بالا – قازاغا يولۇقىدۇ ياكى ئائىلىدە يەنە كېلىشمەسلىك بولىدۇ. دەيدىغان قاراش تۈپەيلى بۇ ئادەت شەكىللەنگەن.

### ئۆيدە ئىسقىرتماسلىق 忌室内吹哨

ئۆيدە ئىسقىرتسا، جىن چىللايدۇ دەپ قارالغاچقا، بۇ ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ ئادەت يىزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كۆپرەك تارقالغان ئۇيغۇرلار ئۆيدە ئىسقىرتىشنى يامان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

### ئايال كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرماسلىق 忌坐妇女之座

ۋازۇ مىللىتى تاغلىق رايونلاردا ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۆيلىرىدە ناغراسىمان ھەربىدەلگەن دەرەخ كۆتەكلىرىدىن ئائىلە ئەزالىرىغا بىردىن ئورۇندۇق ھازىرلاپ قويىدىكەن. يات كىشىلەر ئۆيىگە كىرگەندە قايسى ئورۇندۇق ئەرنىڭ، قايسى ئورۇندۇق ئايالنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن ئولتۇرۇشى شەرت ئىكەن. ئەگەر بىرەر ئەركىشى ئۇقۇشماسلىقتىن ئايالنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ قويسا، ئۆي ئىگىسىگە ھاقارەت كەلتۈردى دەپ قارىلىدىكەن. شۇڭا ئايال كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇش گۇناھ دەيدىغان پەرھىز ئادىتى شەكىللەنگەنىكەن.

### لازا ۋە تۇخۇمنى سوۋغا قىلماسلىق 忌辣椒为馈赠

بۇرۇنقى زامانلاردا ۋازۇ مىللىتىدىكى قەبىلىلەر ئۆزئارا ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا قارشى تەرەپكە لازا، بىر – بىردىن قىساس ئالماقچى بولغاندا تۇخۇم ئېبەرىشىدىكەن. شۇڭا كۈندىلىك تۇرمۇشتا مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۆزئارا سوۋغا قىلماسلىق، بولمىسا، دۈشمەنلەشتى دەپ قارايدىغان پەرھىز ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

### كىيىم – كېچەكتىن ئاتلاپ ئۆتمەسلىك 忌踌过衣服

بەزى مىللەتلەردە چاتىراق ناپاك دەپ قارالغاچقا، كىيىم – كېچەكتىن ئاتلاپ ئۆتمەسلىك ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇ ئادەت بولۇپمۇ داغۇرلار ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلاردا باش كىيىمدىن ئاتلاپ ئۆتمەسلىك تابۇسى ھېلىمۇ قىسمەن ساقلانغان. كىمكى بىراۋنىڭ باش كىيىمىدىن ئاتلاپ ئۆتسە، ھاقارەت قىلدى، دەپ قارىلىدۇ.

### تېرىم ۋاقتىدا ئىسقىرتماسلىق 种田忌吹口哨

دېھقانچىلىق تابۇلىرىنىڭ بىرى. ماۋنەن مىللىتى ئىسقىرىق شەيتاننىڭ زۇۋانى دەپ قارىغاچقا ۋە تېرىم ۋاقتىدا ئىسقىرتسا، جىن – شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسى بىلەن زىرائەتتىن ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ دەپ بىلگەچكە، بۇ خىل پەرھىز ئادىتى شەكىللەنگەن.

### يۈرەك يېمەسلىك 忌食心脏

مۇلاۋ مىللىتىدە ھەرقانداق ھايۋاننىڭ يۈرىكى بالا – قازانىڭ مەنبەئىي دەيدىغان چۈشەنچە بولغاچقا، ھايۋانلارنىڭ يۈرىكىنى يېمەسلىك ئادىتى شەكىللەنگەن.

### ئوۋ كۈنى ۋە تېرىم كۈنى مېھمان كۈتمەسلىك 忌狩猎插种日会客

بېڭلوڭ مىللىتى ئوۋ كۈنى ۋە تېرىم كۈنلىرى ئۆيگە مېھمان كەلسە، ئوۋ قېچىپ كېتىدۇ، تېرىغان ئۇرۇق ئۈنمەيدۇ دەپ بىلگەچكە، شۇنداق كۈنلەردە مېھمان بولماسلىق ھەم مېھمان كۈتمەسلىك ئادىتى شەكىللەنگەن.

(ئاخىرى 75 – بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# گېرمانىيىدە ئۇيغۇر شۇناسلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىي دۇنيا بويىچە قىز-
زىق تەتىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەجداد-
لىرىمىز بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك يازما يادى-
كارلىقلار مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا چوڭ-
قۇر تەتقىق قىلىنماقتا . جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناس-
لىق ئىلمىنى غەربتىكى باشقا ئەللەر قاتارىدا قىز-
غىن تەتقىق قىلنۇاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى گېرمانىيە .
1998 - يىلى 9- ئايدا گېرمانىيە فرايبورگ ئۇنىۋېرسى-
تېتى شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر
يازما يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتۇر
جېنس پېتېر لائۇت (Prof. Dr. Jens Peter Laut)
ئەپەندى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى ھەپتە
زىيارەتتە بولدى . زىيارەت داۋامىدا پروفېسسور
دوكتۇر جېنس پېتېر لائۇت ئەپەندى گېرمانىيە-
دە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما
يادىكارلىقلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ھەققىدە
توختالدى . ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە قەدىمكى ئۇي-
غۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپچىلىكى گېرما-
نىيەنىڭ پايتەختى بېرلىندا ساقلىنىۋېتىپتۇ . قە-
دىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قى-
لىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ بېرلىندا ئىكەن .
ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بېرلىندا ھازىر قەدىمكى
ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن (ھۆججەتلىرى-
دىن ) 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقراقى ساقلىنىۋې-
تىپتۇ .

تەتقىقاتچىلار ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما
يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان مول ھوسۇل-
لۇق تەتقىقاتچىلاردىن بىرى پروفېسسور پېتېر
زىئېمې (Prof. Peter Zieme) ئىكەن . ئۇ ، تۇر-
لۇك يازما يادىكارلىقلارنى (قەدىمكى ئۇيغۇر يې-
زىقىدىكى ) نەشر قىلدۇرۇپتۇ . يېقىندا ئۇ يەنە
«ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قى-
لىپ تاماملاپتۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دوكتور
ئىنگرىد ۋارنكې ( Dr. Ingrid Warnke )
«توۋەنامە» لەرنى تەتقىق قىلىش ۋە تۈزۈش ئىش-
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ . دوكتور سىمو-
نې راسخمان (Dr. Simone Raschman) خانىممۇ
«ئالتۇن يارۇق» نىڭ 44 خىل نۇسخىسىنى تۈ-
زۈپ تاماملاپتۇ . ئۇ يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما
يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئاۋاملار يازما يادىكار-
لىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدى-
كەن .

پروفېسسور دوكتۇر جېنس پېتېرلائۇت ئەپەندىنىڭ تونۇش-
تۇرۇشىچە بانبېك ئۇنىۋېرسىتېتىداخىزمەت قىلىدىغان پروفېس-
سور سېمىخ تېزكان ئەپەندى (Prof. Semih Tezcan) قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدى-
كەن . بونىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاتاقلىق پروفېسسور ھانس
يوئاخىم كىلىنكېئىت (Prof. HansJoachimKlinkeit) ئەپەندى
ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى تەتقىق
قىلىدىكەن . گراماتىكا ئىلمىي ۋە تىلشۇناسلىق
ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە داڭ چىقارغان فرانكفورد
ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور مارسېل ئېردال
ئەپەندى (Prof. Marcel Erdal) نۆۋەتتە بىر تەت-
قىقات گۇرۇپپىسى بىلەن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك
بىر ئىشنى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
ھۆججەتلەرنى سۈرەتكە تارتىپ كومپيۇتېرغا
كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلەۋېتىپتۇ .

پروفېسسو دوكتۇر جېنس پېتېر لائۇت ئە-
پەندى فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇ-
ناسلىق فاكۇلتېتىدا خىزمەت قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئا-
ساسىي خىزمىتى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
ھۆججەتلەرنى ۋە ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىشتىن
ئىبارەت . ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقاتى «مايترى
سىمىت» . ئۇ بۇ كىتابنىڭ ئوخشىمىغان ۋارى-
يانتلىرىنى ئىشلەپ پۈتتۈرگەن . ئۇنىڭ يەنە بىر
قىسىم يازما ھۆججەتلەر تەرەپلەردىكى تەتقىقات
نەتىجىلىرىمۇ بار .

گېتىنگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور كىلا-
ئۇس روھبورن ئەپەندى (Prof. Klaus Rohborn)
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ زور ھەجىملىك لۇغى-
تىنى تۈزمەكتىكەن . نۆۋەتتە بۇ لۇغەتتىن ئالتە
توم نەشر قىلىنىپتۇ . ئۇ بۇ لۇغەتنى تۈزۈشتە

ئەمدىلا «a» ھەرپىگە كەپتۇ. پروفېسسور كلاۇس روھبورن يەنە «شۆەنزاڭ قىسسىسى» نىڭ يەتتىنچى، سەككىزىنچى جىلدى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپتۇ. ئۇنىڭ يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ۋە جۈملىلەر توغرىسىدىمۇ يازغان ئەسەرلىرى بار ئىكەن.

گېرمانىيە ماربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتى جېنس ۋىلكېنس ئەپەندى بىرلىندا ساقلىنىۋاتقان مانى يېزىقىدىكى دىنىي ھۆججەتلەرنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ تاماملاپتۇ. ئۇ يەنە «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلىپتۇ.

«غەربىي دىيار تەتقىقاتى»، 1999 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن تەييارلىغۇچى:

**مۇختار مۇھەممەت**

(بېشى 72 ـ بەتتە)

## ئۆي كۆچۈش تابۇسى 搬迁忌

سىبرىق ئۇيغۇرلار ئۆي كۆچۈشنى چوڭ ئىش دەپ قارىغاچقا ۋە مۇچەلدىكى يولۋاس، ئىت، چاشقان ۋە يىلان كۈنلىرىنى نەس كۈنلەر دەپ بىلگەچكە، شۇ كۈنلەردە ئۆي كۆچمەسلىك ئادىتى شەكىللەنگەن.

## ئۆيدە تۇغماسلىق 忌室内分娩

تۇغۇت تابۇلىرىنىڭ بىرى.

دۇلوڭ مىللىتى تۇغۇت ـ ناپاك، ئەگەر ئاياللار ئۆيدە تۇغسا، ئۆيدىكى ئوقيا قاتارلىق ئوۋ قوراللىرى پاكلىقىنى يوقىتىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇلاردا ئاياللارنى تالادا تۇغدۇرۇش، بوۋاقنى يۇيۇپ ـ تازىلاپ ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىش ئادىتى شەكىللەنگەن.

## ئوتقا سۇ چاچماسلىق 忌加水于火

ئېلۇنچۇن مىللىتى ئوتقا چوقۇنىدىغان بولغاچقا، ھەرىيلى چاغان بايرىمىدا ۋە 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئوت ئىلاھىغا ئاتاپ ياغىش قىلىدىكەن، ھېيتلاشقاندا ئالدى بىلەن ئوت ئىلاھىغا سەجدە قىلىدىكەن، ئادەتتىكى كۈنلىرى تاماق ۋاقتىدا ئاۋۋال ئوت ئىلاھىغا تاماق بېرىدىكەن، شۇنداقلا، پىچاق، قىلىچ، تاياق بىلەن ئوتنى چوقچىمايدىكەن، بولۇپمۇ ئوت ئىلاھىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، پالاكەتكە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئوتقا سۇ سېپىش ياكى چېچىشنى پەرھىز تۇتىدىكەن.

## «ئېيىق» سۆزىنى تىلغا ئالماسلىق 忌称“牛牛库”

ئېلۇنچۇن مىللىتى قەدىمدە ئېيىقنى تۇتېم قىلغاچقا، ئېيىقنى ئۇۋلىماسلىق، «ئېيىق» سۆزىنى تىلغا ئالماسلىق، ئەگەر ئاتاش توغرا كەلسە، «بوۋا، موما» دېگەندەك تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتاش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

## ئېيىقنىڭ كاللىسىنى يېمەسلىك 忌食熊头

ئېلۇنچۇن مىللىتى ئېيىقنى ئۇۋلىماسلىق ئادىتىنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئادەت بارا ـ بارا سۇسلاشقان. شۇنداقتىمۇ ئېيىقنىڭ كاللىسىنى يېمەسلىك، ئېيىق ئۆلسە، ئۇنى «ئۆلدى» دېمەي، «ئۇخلاپ قالدى» دېيىش، ئېيىقنى يېيىشكە توغرا كەلسە، ئاۋۋال كاللىسىنى كېسىپ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئوراپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش، ئاندىن گۆشىنى پىشۇرۇپ يېيىشتەك ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان.

تەييارلىغۇچى: **ئارسلان ئابدۇللا**

مۇھەررىرى: **يۇسۇپ ئىسھاق**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# كامىرون ھايۋانات چۆچەكلىرى

## تاشپاقا بىلەن بۈركۈت

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىيەلەيدىكەن. شۇ چاغدا بۈركۈت بىلەن تاشپاقا دوست ئىكەن. دائىم بىللە بولىدىكەن بۈركۈت ئاسماندا ئۇچالىغاچقا ئۆزىنى تاشپاقىدىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى بۈركۈت تاشپاقىغا:

— دوستۇم، بىرنەچچە بالىلىق بولدۇم. مەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ. شۇڭا بۈگۈندىن كېيىن سەن بىلەن پاراڭلىششقا ۋاقتىم چىقماسمىكىن، — دەپتۇ.

تاشپاقا ھەيران بولۇپ:

— ۋۇي، سىنىڭ بالىلىق بولغانلىقىڭنى بىلمەپتىمەن ئەمەسمۇ، نەچچە كۈندىن كېيىن سىنى يوقلاپ باراي، — دەپتۇ.

— يوقلاپ كەل، — دەپ كۈلۈپتۇ بۈركۈت، — ئۇۋام ئورماندىكى چوڭ دەرەخنىڭ ئۈستىدە، سىنى قارشى ئالىمەن، — دەپتۇ.

بۈركۈت تاشپاقا ئۇچالمايدىغان تۇرسا، ئۇۋامغا قانداق قىلىپ چىقالايتتى، دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۈركۈت ئوۋ ئوۋلاپ كېتىۋېتىپ تاشپاقىغا يولۇقۇپتۇ ـ دە:

جىنىم دوستۇم، ئۇۋامغا مېھمانغا بارىمەن دېۋىدىڭ، بالىلىرىم سىنىڭ يولۇڭغا قاراپ كۆزى تۆت بولدى، چوقۇم بارغىن ـ ھە، — دەپتۇ.

شۇندىلا تاشپاقا بۈركۈت مېنى ئۇچالمايدۇ، دەپ مازاق قىلىۋاتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ مازاق قىلىنغىنىغا بولسىمۇ ئۇۋىغا بىر بارمىسام ئۇچالمىسامۇ ئەقلىم بار دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىپتۇ.

نەچچە كۈنلەردىن كېيىن تاشپاقىغا بىر چۈجە ئۇچراپتۇ. تاشپاقا كۆڭلىدە بۈركۈت چۈجىگە ئامراق. چۈجىنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ئاستاغىنە چۈجىنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىۋاپتۇ. چۈجە شۇنچە تىركەشكەن بولسىمۇ تاشپاقىدىن قۇتۇلالماپتۇ. ئاخىرى چۈجىنىڭ مادارى قالماپتۇ. ئۆلۈكتەك يېتىپ قاپتۇ.

تاشپاقا بۈركۈتنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغىنىنى بىلىدىكەن، شۇڭا چۈجىنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىدا جىممىدە ساقلاپ يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۈركۈت راستىنلا ئۇچۇپ كەپتۇ. بۈركۈت يەردە بىر چۈجىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تازا بىر تويىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولۇپ، شۇڭغۇپ چۈشۈپ چۈجىنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. بۈركۈت چۈجىنىڭ ئېغىرلىقىدىن خېلى سېمىز چۈجە ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن تاشپاقىنىڭ بارلىقىنى پەقەت بىلمەپتۇ.

بۈركۈت چۈجىنى ئۇۋىسىغا ئېلىپ كېلىپ بالىلىرىغا:

— سىلەرگە سېمىز بىر چۈجە ئېلىپ كەلدىم، يەپ تۇرۇڭلار، مەن بىر يەرگە بېرىپ ھازىرلا كېلىمەن، — دەپتۇ.

بۈركۈت كېتىشىگە تاشپاقا چۈجىنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ بۈركۈتنىڭ چۈجىلىرى بىلەن چۈجىنى تازا مەززە قىلىپ يەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۈركۈت قايتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا تاشپاقا ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدا تۇرغۇدەك، ئۇ ھەيران بولۇپ:

— بۇ سەنمۇ، قانداق كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بالىلىرىڭنى يوقلاپ كېلىمەن دېمىگەنمىدىم، — دەپ كۈلۈپتۇ تاشپاقا.

بۈركۈتنىڭ تاشپاقىنى كۆتكىدەك نەرسىسى بولمىغاچقا، تاشپاقىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى بىرەر نەرسە ئوۋلاش ئۈچۈن كېتىپتۇ.

بەلكىم سىز تاشپاقا دەرەختىن قانداق چۈشەر؟ دەپ ئويلايدىغانسىز، تاشپاقىنىڭ تاشتەك قېپى بولغاچقا دەرەختىن يەرگە يىمالال، سەكرەپ چۈشەلەپتۇ.

## يىلان بىلەن ئوغلاق

بۇرۇن مۇپامە ئىسىملىك بىر يىلان بولغان ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئېچىپ بىر نەرسە تېپىپ يېگىلى چىقىپ، باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان بىر ئوغلاقنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپ «كاپ» قىلىپ ئوغلاقنىڭ پاچىقىدىن چىشلىۋاپتۇ.

ئوغلاق قورقۇپ كېتىپ مەرەپ خېلى تىركەشكەن بولسىمۇ، يىلاننىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇشقا

كۆزى يەتمەي يالۋۇرۇپ :

— مە ، مە ، مە ، مۇپامە ، مېنى يېمە ، — دەپتۇ .

يىلان قويۇپ بېرىش ئورنىغا ئوغلاقنى ئۆزى تەرەپكە تېخىمۇ تارتىپتۇ .

— مە ، مە ، مە ، مۇپامە ، مەن قاچالمايمەن ئىشقىلىپ مېنى يەيسەن ، پۇتۇمنىڭ گۆشىنىڭ مەززىسى يوق ، يېسەڭ بېشىمدىن باشلاپ يە ، — دەپتۇ ئوغلاق .

مۇپامە ئوغلاقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ پۇتىنى قويۇپ بېرىپ ، بېشىغا چاڭ سالاي دەپ تۇرۇشىغا ئوغلاق بىر سەكرەپلا قېچىپ كېتىپتۇ .

## تاشپاقا بىلەن پىل

بىر كۈنى تاشپاقا سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ ئورمانلىقتا ئوتلاۋاتقان پىلغا ئۇچراپ قاپتۇ . تاشپاقا پىلغا چاقچاق قىلىپ پىلنىڭ پۇتىغا ئۇرۇلۇپتۇ . پىل بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قارىسا بىر تاشپاقا تۇرغۇدەك . شۇنىڭ بىلەن پىل :

— ھە شاكىچىك ، نېمە قىلماقچىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ . تاشپاقا :

— پىللار ئۆزۈڭلارنى ئورماندىكى ئەڭ كۈچلۈكلەر ھېسابلايسىلەر ، باشقىلارنى ياراتمايسىلەر ، مەن سەن بىلەن ئارغامچا تارتىشىپ ، قايسىمىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن ، — دەپتۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىل كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە كۈلۈپتۇ ـ دە :

— ھەي شاكىچىك ، پو ئاتما ، بىر پۇتۇمدىلا سېنىڭ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتەلەيمەن ، — دەپتۇ .

— ئۇ گېپىڭنى قوي ، زادى مەن بىلەن ئارغامچا تارتىشالامسەن يوقمۇ ؟ — دەپتۇ تاشپاقا .

پىلنىڭ كۈلگىسى كېلىپ :

— بوپتۇ ، ئارغامچا تارتىشساق تارتىشتۇق ، — دەپتۇ .

تاشپاقا مۇسابىقىلىشىدىغان ۋاقىت ، ئورۇننى بېكىتكەندىن كېيىن ، يوشۇرۇنچە يەنە بىر پىلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئارغامچا تارتىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋاقىت ، ئورۇننى بېكىتىپتۇ .

تاشپاقا ئۆيىگە قايتىپ تازا چىڭ ئارغامچىدىن بىرنى تەييارلاپتۇ . مۇسابىقىلىشىدىغان كۈنى ئىككى پىل ئايرىم ـ ئايرىم دېيىشكەن جايلىرىغا يېتىپ كەپتۇ . تاشپاقا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بىر پىلغا تۇتقۇزۇپ :

— مەن ئارغامچىنىڭ بىر سىلكىسەم مۇسابىقە باشلىنىپتۇ ، دەپ بىل ، — دەپتۇ . يەنە بىر پىلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنىڭغىمۇ ھېلىقى گەپلەرنى قىلىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىدا ئىككى پىل «تاشپاقا» بىلەن مۇسابىقىلەشكىلى تەييار تۇرۇپتۇ .

تاشپاقا ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئارغامچىنى بىر سىلكىگەن ئىكەن ، ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ئىككى پىل «تاشپاقا» بىلەن مۇسابىقىسىنى باشلاپتۇ . بۇ چاغدا تاشپاقا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈپتۇ . مۇسابىقە باشلانغاندا پىللار مۇنداقلا تارتىپ قويساق تاشپاقا ئارغامچا بىلەن ئالدىمىزغا دومىلاپ كېلىدۇ ، دەپ ئويلاشقان ئىكەن . ئەمما ئىككى پىل ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ شۇنچە كۈچەپمۇ تارتالماپتۇ .

شۇڭا ئۇلار كىچىككىنە تاشپاقىغا نەدىن كەلگەن كۈچ بۇ ؟ دەپ ئويلىشىپتۇ .

## ئەقىل كۆپچىلىككە مەنسۇپ

تاشپاقا ئەقىلنى ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك بىلىپ ، ھەممە ئەقىلنى يىغماقچى بولۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق ھايۋانغا ئۇچرىسا ئەقىل سوراپتۇ . ھەمدە يىغىۋالغان ئەقىللىرىنى بىر قۇتىغا قاچىلاپتۇ . قۇتا ئەقىل بىلەن توشقاندىن كېيىن تاشپاقا مەغرۇرلىنىپ دۇنيادىكى ئەقىلنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدىم ، دەپ خۇش بولۇپتۇ .

تاشپاقا ئەقىلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بوپتۇ ھەمدە ئۆزى يىغقان ئەقىلنى باشقىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئەتىدىن كەچكىچە ئەقىل سېلىنغان قۇتىنى قانداق يەرگە تىقىپ قويۇشنى ئويلايدىغان بولۇپتۇ . ئاخىرى ئۇ قۇتىنى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا تىقىپ قويۇش قارارىغا كەپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتىنىڭ تۇتقۇچىغا يىپ باغلاپ بويىنىغا ئېسىپ دەرەخكە يامىشىشقا باشلاپتۇ . قۇتا ئۇنىڭ ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرغاچقا ھەر قانچە قىلىپمۇ دەرەخكە يامىشىپ چىقالماپتۇ . تاشپاقىنىڭ چەتتە قاراپ تۇرغان ئوغلى :

— دادا ، سىز قۇتىنى دۈمبىڭىزگە ئارتىۋالسىڭىز دەرەخكە چىقالايسىز ئەمەسمۇ ، — دەپتۇ .

تاشپاقا ئوغلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— ئوغلۇم ، سەن ئۆزۈڭنى مەندىن ئەقىللىق ھېسابلاۋاتامسەن ؟ — دەپتۇ . تاشپاقا دەرەخكە يامىشىۋېرىپتۇ . قۇتا دەرەخكە تاقىشىپ تاشپاقا ھەر قانچە قىلىپمۇ دەرەخكە زادىلا چىقالماپتۇ . ئاخىرى ئوغلىنىڭ گېپىگە كىرىپ قۇتىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ دەرەخكە ياماشقان ئىكەن ، دېگەندەك دەرەخكە چىقالاپتۇ .

تاشپاقا دەرەخكە چىقىپ بولۇپ ئەقىل قاچىـ

لانغان قۇتىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ، مەن تېخى دۇنيادىكى ھەممە ئەقىلنى يىغىۋالدىم دېسەم ، ئوغلۇمنىڭ ئەقلىنى يىغىشنى ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىكەنمەن . دەپ ئويلاپتۇ . تاشپاقا بۇلارنى ئويلاپ ئاچچىقلىنىپ ئەقىل قاچىلانغان قۇتىنى يەرگە ئېتىپتۇ . قۇتا يەرگە چۈشۈپ پارە ـ پارە بولۇپ-تۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل جاھانغا تاراپ كەت-كەن ئىكەن .

«كامىرون خەلق چۆچەكلىرى» دىن

تەرجىمە قىلغۇچى : **مۇختار مۇھەممەت**

مۇھەررىرى : **ياسىن زىلال**

## قوشاقلار

ئاسماندىكى قۇرغۇيۇم ،
لەرزان ئۇچۇپ ئەگىدۇ .
سۆيۈپ تۇرساڭ يارىڭنى
ياش يۈرىگىڭ سەگىيدۇ .

ئەلچى قويسام ئاتاڭغا ،
«يېشى كىچىك» دەپتۇدەك .
مېنى ئۆزى «نامرات» دەپ
بايدىن تويلۇق ئاپتۇدەك .

كەتمەن چاپسام تەر ئاقتى ،
پېشانەمدىن چېپىلداپ .
خېنىم بىردەم توختىغىن ،
كېتىۋەرمەي غىپىلداپ .

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ ،
پۇتۇڭدىكى بەتىنگە .
ئاشىق بولدۇم بىر ئۆمۈر ،
سېنىڭ شېرىن گېپىڭگە .

چاي دەملىگەن گۈلچەينەك ،
ئۇڭ يېنىدا دەزى بار .
شۇ كەمدىكى قىزلارنىڭ
ئوغۇللارغا قەرزى بار .

گۈلباغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
قاقمىغان قوزۇق چىقتى .
يېڭىدىن بىر يار تۇتسام ،
كۆڭلى بەك سۆيۈق چىقتى .

ماڭا بەرگەن قولياغلىق ،
يانچۇقۇمدا ساقلاقلىق .
يارىم سېنىڭ سۆرىتىڭ ،
يۈرىكىمگە ئويۇلغۇلق .

دۇتارنى ئالاي دەيمەن ،
ناخشىغا چالاي دەيمەن .
مېھرى ئىسسىق يارىمغا ،
كىمخاب تون ياپاي دەيمەن .

تاۋۇزنى پىچىپ قويدۇم ،
قوغۇننى پىچىپ قويدۇم .
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىسا
مەي ـ مەيزاپ ئىچىپ قويدۇم .

قىش تۈگىدى ، ياز كەلدى ،
جۈپ ـ جۈپ ئۆردەك ، غاز كەلدى .
يۈرەك تارىم تىترەيدۇ ،
يارىم خۇش ئاۋاز كەلدى .

ئېيتىپ بەرگۈچى : **توختى خەۋتخان سوقا**

توپلىغۇچى : **غوجەخمەت مۇھەممەت**

(لوپ ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن)

مۇھەررىرى : **نۇرنىسا باقى**





② ① سۈرەتلەرنى ئۆمەرجان قاسىم تارتقان.





ISSN 1004-3829

# مىراس

1999 ـ يىل 4 ـ سان (ئومۇمىي 54 ـ سان)

**Heritaga Uighur Folk Leterature**

美拉斯(维吾尔文)

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيتى نەشر قىلدى.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 59 ـ قورۇ. 507 ـ، 508 ـ ئۆي. تېلېفون: 2878485. پوچتا نومۇرى 830001.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65—1094/1 خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1004—3829 ۋەكالەت نومۇرى: 60—58. باھاسى: 3.00 يۈەن.
编辑:《美拉斯》编辑部　出版:新疆维吾尔自治区民间文艺家协会(乌市胜利路 59 号 507、508 房间)
电话:2878485　印刷:乌市十四中印刷厂　发行:乌鲁木齐市邮局　订阅:全国各地邮局　国内统一刊号 CN65—1094/1　国外统一刊号:ISSN1004—3829　邮编:830001　刊号 58—60　定价:3.00